
INFORMATION OF CENTRAL ASIA

# ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى



'96 5

# 目　次　《中亚信息》

1996年第5期
（总第70期）

**法规**

热烈庆祝科技情报事业创建40周年 ……(3)
吉尔吉斯斯坦破产法 ……(7)
哈对进口商品征收增值税和消费税的实施细则 ……(11)

**资料**

1996年新疆主要农产品市场预测 ……(15)
创建霍尔果斯——贾尔肯特自由经济区的前景 ……(18)
哈国家科学院的现状与改革(23)
俄经贸界改革状况 ……(26)
哈棉花交易现状 ……(28)
哈外经活动状况 ……(30)
对阿勒泰边境地区经济贸易发展的分析与建议 ……(32)

**实用技术**

棉花铃病综防技术 ……(38)
棉花追肥四要点 ……(39)
农业塑料薄膜存放"四忌" …(40)

**边贸信息**

吉尔吉斯斯坦经济改革有了希望…(41)
哈及时偿还西方贷款 ……(42)
1996年/1997年度全球油脂进口转旺 ……(44)
外贸实行两个转变已成当务之急…(44)
中巴哈吉签署有关过境运输议定书 ……(45)
俄罗斯青睐中国特种菜 ……(46)
哈政府打击走私假冒伪劣商品 ……(47)
哈遂步改善居民收入 ……(48)
乌兹别克斯坦今年增加棉花出口量 ……(48)
国际市场尿素价高涨 ……(49)
俄大量需求我家电和自行车 ……(49)

本期责任编辑：牙尔买买提

# پەن - تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى

1996 - يىللىق
5 - سان

ئومۇمىي 70 - سان

قوش ئايلىق ژۇرنال

ھەر جۈپ ئاينىڭ 25- كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل تەھرىرى :
يارمۇھەممەت ئىبراھىم

باھاسى : 3 يۈەن

## بۇ ساندا

«قانۇن - بەلگىلىمە»

پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئىشلىرى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز (3)

قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇش قانۇنى (7)

قازاقىستاننىڭ ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلادىن ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى ئېلىشنى يولغا قويۇش تەپسىلى قائىدىسى (11)

«ماتېرىيال»

1996 - يىللىق شىنجاڭنىڭ ئاساسىي دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى مۆلچەرلەش (15)

قورغاس - يەركەنت ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنى قۇرۇشنىڭ ئىستىقبالى (18)

قازاقىستان دۆلەت پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئىسلاھاتى (23)

روسىيە ئىقتىساد - سودا ساھەسىنىڭ ئىسلاھات ئەھۋالى (26)

قازاقىستاننىڭ پاختا سودا ئەھۋالى (28)

قازاقىستاننىڭ تاشقى ئىقتىسادىي پائالىيەت ئەھۋالى (30)

ئالتاي چېگرا رايونىنىڭ ئىقتىسادىي سودا تەرەققىياتىغا قارىتا ئانالىز ۋە تەكلىپ پىكىرلەر (32)

«ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكىلار»

كېۋەزدىكى غوزا كېسەللىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش تېخنىكىسى (38)

كېۋەزنى ئۆستۈرۈشتىكى ئۇرۇغلاشتا دىققەت قىلىدىغان مۇھىم نۇقتىلار (39)

سۇلياۋ يوپۇقنى ساقلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار (40)

«چېگرا سودا خەۋەرلىرى»

قىرغىزىستاننىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىدا ئۈمىد بار ............ (41)

قازاقىستان غەرب ئەللىرىدىن ئالغان قەرز پۇلنى ۋاقتىدا قايتۇرىۋەتتى .................... (42)
1996 - ۋە 1997 - يىللىرى پۈتۈن يەر شارىنىڭ ماي ئىمپورتى يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ ......... (44)
تاشقى سودىدا ئىككى يۇرۇلۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تۈۋەتتىكى جىددىي ئىش بولۇپ قالدى ...... (44)
جۇڭگو ، پاكىستان ، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانلار چېگرىدىن ئۆتۈش ترانسپورتىغا مۇناسىۋەتلىك
كېلىشىملەرنى ئىمزالىدى ............................................................ (45)
روسىيىلىكلەر جۇڭگونىڭ ئالاھىدە كۆكتاتلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ ............................ (46)
قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئەتكەسچىلىك ساختا تاۋارلارغا زەربە بەردى ............................ (47)
قازاقىستان ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى تەدرىجىي ياخشىلىدى ........................................ (48)
ئۆزبېكىستان 1996 - يىلى پاختا ئېكسپورت مىقدارىنى كۆپەيتىدۇ ............................ (48)
خەلقئارا بازاردا ئۈرۈيىنىڭ باھاسى يۇقىرى بولماقتا ........................................................ (49)
روسىيە دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ۋە ۋېلسىپىتكە زور مىقداردا ئېھتىـ -
ياجلىق بولماقتا ......................................................................................(49)

# پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئىشلىرى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

**( شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى )**

دۆلىتىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات خىزمىتى 50 - يىللاردىن باشلىنىپ ھازىرغا قەدەر 40 يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى: 40 يىللىق تەرەققىيات جەريانىدا زور ئۇچۇر بايلىقىغا، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە زور كۆلەمدىكى پەن - تېخنىكا ئۇچۇر سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى.

شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئىشلىرى مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ داۋاملىق راۋاجلاندى. 1959 - يىلىنىڭ بېشىدا شىنجاڭدا ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پەن - تېخنىكا كومىتېتى، پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئىشخانىسى قۇرۇلدى، بۇ شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات خىزمىتىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ ئۇ شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات خىزمىتىنىڭ شۇنىڭدىن باشلاپ قۇرۇلۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە يۈكسىلىش باسقۇچىغا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. 37 يىلدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات خىزمىتى پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ غەمخورلۇقى، دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتى ۋە جۇڭگو پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنىنىڭ كونكرېت كۆرسەتمىسى ئاستىدا يوقلۇقتىن بارلىققا، كىچىكلىكتىن چوڭلۇققا، قىسمەنلىكتىن ئومۇملۇققا تەرەققىي قىلىپ، قۇرۇش، تەرەققىي قىلىش، تەڭشەش، تولۇقلاش، ئەسلىگە كېلىش، راۋاجلىنىش، زورىيىش، ئىسلاھات قاتارلىق ھەر قايسى ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەرنى بېسىپ ئۆتتى. ھازىر شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك نازارەت، پەن - تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئالىي مەكتەپ، زاۋۇت، كان - كارخانىلار، شىركەت گۇرۇھلىرى شۇنداقلا ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە كۆپ قىسىم ناھىيەلەر ( شەھەر ) دە كەسپىي ۋە ئۇنىۋېرسال پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئورگىنى قۇرۇلدى. شىنجاڭدا دەسلەپكى قەدەمدە ئاپپاراتلىرى مۇكەممەل، ئىقتىدارى بىر قەدەر تولۇق، ئايلىنىشى بىر قەدەر نورمال بولغان پەن - تېخنىكا ئاخبارات خىزمىتى سىستېمىسى ۋە ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنى قاپلىغان پەن - تېخنىكا ئاخبارات مۇلازىمەت تورى شەكىللەندى.

ئون نەچچە يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا ئىقتىسادىي ئۇچۇر، پۇل - مۇئامىلە ئۇچۇرلىرى، مالىيە - باج ئۇچۇرلىرى، ستاتىستىكا ئۇچۇرلىرى، تۆمۈر يول قاتنىشى ئۇچۇرلىرى، كۇتۇپخانا ئاخبارات ئۇچۇرلىرى قاتارلىق ئۇچۇر سىستېمىسى شەكىللەندى، بۇ سىستېمىلار شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىنى ئاساسەن دېگۈدەك قاپلىدى. ھازىر شىنجاڭدا كىتاب ماتېرىياللىرى 1 مىليون 550 مىڭ پارچىدىن ئاشىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە كىتاب 520 مىڭ پارچە، ژۇرنال 640 مىڭ پارچە، مەخسۇس ژۇرنال 380 مىڭ پارچىغا يېتىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە 21 سانلىق مەلۇمات ئامبىرى بار. 1990 - يىلى خەلقئارا تۇتاشتۇرۇل-

غان ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق ئۇچۇر ئىزلەش سىستېمىسى ئېچىلغان ئىدى ، ھازىر تەرەققىي قىلىپ ئۈچكە يەتتى . شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى دۇنيادا كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان ، ئەڭ نوپۇزلۇق ئىككى سىستېمىنى يەنى ئامېرىكىنىڭ « Diakg » سىستېمىسى بىلەن ئامېرىكا ، ياپونىيە ، گېرمانىيە ئۈچ دۆلەت بىرلىشىپ تىجارەت قىلغان « STN » سىستېمىسىنى ئاچتى . ئۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى يەنە دۆلەت ئىچىدىكى ئۇچۇر ئىزلەش سىستېمىسىنى ئاچتى ، ئۇلار دۆلەت ئىچىدىكى ئالتە مەلۇمات ئامبىرىنىڭ ئۇچۇرلىرىنى كىرگۈزدى . بۇ سىستېمىلاردىكى بارلىق ئۇچۇرلارنىڭ سانى 500 نەچچە مىليونغا يېتىدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە دۇنيادىكى كۆپ قىسىم سانلىق مەلۇمات ئۇچۇرلىرىغا ئىگە . 30 نەچچە يىلدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئىشلىرىدا نەتىجىلەر مول بولدى ، بولۇپمۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا كۆرۈنەرلىك بولدى . 1990 - يىلدىن بۇيان پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 200 نەچچە تۈر ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا ئاخبارات مۇكاپاتىغا ۋە دۆلەتلىك پەن - تېخنىكا ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى . بىر تۈركۈم خىزمەتكە ئۆزىنى ئاتايدىغان ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەيدىغان ، يېڭىلىق يارىتىدىغان پەن - تېخنىكا ئاخبارات خىزمەتچىلىرى يېتىشتۈرۈلۈپ چىقتى . ئۇلار ئاددىي خىزمەت ئورنىدا ئۈن - تۈنسىز ئىشلەپ دۆلىتىمىز ۋە شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئىشلىرىدا تىرىشىپ ئىشلىمەكتە . بىر ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ قان - تەرلىرى پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئىشلىرىدىن ئىبارەت بۇ « گۈل » نى سۇغارماقتا ، پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئىشلىرىدا بىر تۈركۈم ئىلغار خىزمەتچىلەر بارلىققا كېلىپ پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا باشلامچىلىق ۋە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى . يېڭى بىر ئەۋلاتلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ۋە ئىلگىرىلىشى پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئىشلىرىغا يېڭى ھاياتى كۈچ بەخش ئەتتى . « ئۇچۇر گۈللىرى » تېخىمۇ پۇرەكلەپ ئېچىلغۇسى .

80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 90 - يىللارغىچە دۆلىتىمىز سىياسىي تۈزۈلمە ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ باردى . ئىسلاھات دۆلىتىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى تېز سۈرئەتتە ئىلگىرى سۈردى . ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنىڭ زور تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي . دۆلىتىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئىشلىرىمۇ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئاساسىدا ئۈنۈملۈك تەرەققىياتقا ئېرىشتى . بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ، پەن - تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتى 1992 - يىلى پەن - تېخنىكا ئۇچۇر مۇلازىمەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزلىتىش پىلانى ۋە سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئومۇمىي نىشانىنى كۆرسەتتى : ئۇچۇر مەنبەسىنى تىرىشىپ ئېچىش ، زامانىۋى تېخنىكىلارنى قوللىنىش ، ئۇچۇر بازىرىنى پائال ئېچىش ، ئۇچۇر بايلىقىدىن بەھرىمەن بولۇش ۋە پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ماسلاشقان ئىجتىمائىي ، كەسپىي ، ئورۇنلاشتۇرۇلغان دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال پەن - تېخنىكا ئۇچۇر تورىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىش . « 9 - بەش يىللىق » دۆلەت پەن - تېخنىكا

ئۇچۇر مۇلازىمەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىدا يەنە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ۋە پەن - تېخنىكا ئۇچۇرلىرىنىڭ ئۆزلىكىدىن تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتىگە ماسلاشقان رولى ئىجتىمائىيلاشقان، قۇرۇلمىسى تورلاشقان، ئۇچۇر ئىشلەپچىقىرىش ۋە مۇلازىمەت كەسپلەشكەن، ۋاسىتىلەر زامانىۋىلاشقان جەمئىيەتكە، ئىقتىسادقا، بازارغا ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يۈزلەنگەن ئۇچۇر مۇلازىمەت كەسپىنى بەرپا قىلىش. ھەر دەرىجىلىك ئۇچۇر ئاپپاراتلىرى چوقۇم ئىلگىرىكى ھۆججەتنى ئاساس قىلىشنى ئۆزگەرتىپ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى، يۇقىرى يېڭى تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئاساسىي تەتقىقات ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشقا يۈزلىنىش، ھەر قايسى ئۆزىنىڭ مۇھىم خىزمەت نۇقتىسى ۋە خىزمەت ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرۈپ بازار ئارقىلىق ھايات كەچۈرۈش، تەرەققىي قىلىش كېرەك.

شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئىسلاھاتى دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى فاڭجېنىغا ئاساسەن سەككىز يىل ئىچىدە ئۈنۈملۈك ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ قاراتمىلىقى بولغان پەن - تېخنىكا ئاخبارات تۈزۈلمە ئىسلاھاتى لايىھەسى ۋە يۈرۈشلەشكەن تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۆپ يىللىق ئەمەلىيەت ئارقىلىق رايونىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات تۈزۈلمىسىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇردى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت بۇ نىشاننى چۆرىدىگەن ھالدا پەن - تېخنىكا بىلەن ئىقتىسادنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ئىدىيىسىگە ئاساسەن پەن - تېخنىكا ئاخبارات سىستېمىسىنىڭ ئايلىنىش مېخانىزمىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى. ئىسلاھات شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات خىزمىتىگە يېڭى ھاياتى كۈچ بەخش ئەتتى. ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئادەملەرنىڭ پەن - تېخنىكا ئۇچۇرلىرىنىڭ قىممىتىگە بولغان كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتتى. ئۇچۇر تاۋار بولۇش سۈپىتى بىلەن تەرەققىي قىلىش، ئۆتۈنۈش، مەسلىھەت بېرىش، مۇلازىمەت، ۋاسىتە، پايغا قوشۇلۇش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە سىڭىپ كىرىپ، زور ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

2. بىرلا خىل مۇلازىمەت يۆنىلىشىنى كۆپ خىل مۇلازىمەت شەكلىگە ئۆزگەرتىپ، ئاڭلىق ھالدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، تەدرىجىي ھالدا ئىلمىي تەتقىقات، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت بىر گەۋدىلىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى.

3. رەھبەرلەرنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، پەن - تېخنىكا ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە جامائەت پاراۋانلىقى ۋە پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت تىپىدىكى پەن - تېخنىكا ئۇچۇر ئىشلىرى ۋە ئۇچۇر سانائىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، پەن - تېخنىكا ئاخباراتىنى بىر قەدەر كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە، رىقابەت كۈچىگە ۋە ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە كەسىپكە ئايلاندۇردى.

ئۆتمۈشنى ئەسلىگىنىمىزدە بىزنىڭ خۇلاسىلاشقا تېگىشلىك نۇرغۇنلىغان تەجرىبىلىرىمىز بار، كەلگۈسىگە نەزەر سالغاندا بىزنىڭ ئىشەنچىمىز تولۇق. بۈگۈنكى تارىخنىڭ ئۇزۇن جەريانى 20 - ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىسمىنى بېسىپ، 21 - ئەسىرگە كۈچلۈك ھالدا ئېقىپ كىرمەكتە. سانائىتى تەرەققىي قىلغان بەزىبىر دۆلەتلەر ئوتتۇرىغا قويغان « 2000 - يىلىنىڭ

ئۇچۇرى ھەققىدە ئويلىنىش » ۋە « يۇقىرى سۈرئەتلىك ئۇچۇر تاشيولى » پىلانىغا ئەگىشىپ ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئۇچۇرلاشقان جەمئىيەتكە ئۆزگىرىش كۆرسەتكۈچى ، بىر يېڭى ، تېخىمۇ پارلاق ئۇچۇرلاشقان جەمئىيەتنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى نامايەندە قىلدى . تارىخىي تەرەققىياتنىڭ چوڭ يۆنىلىشى ئاستىدا ، ئۇچۇرلاشقان جەمئىيەت تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ۋە كۆپ ساندىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئالىملىرى ، ئىقتىسادشۇناسلىرى ، سىياسىي ئەربابلىرى ۋە پۈتكۈل جەمئىيەت جامائەتچىلىكى كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم ستراتېگىيىلىك مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى . بارغانسېرى كۆپ مەلۇماتلىق زاتلار ۋە تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر چوڭقۇر ھالدا شۇنى چۈشىنىپ يەتتىكى ، ئەگەر بىز بۇ تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئېقىمىغا ماسلاشماي ، «ئۇچۇر» ، « ئۇچۇر خىزمىتى » گە بولغان ئەنئەنىۋى تونۇش ۋە تەپەككۇرىمىزنى بۆسۈپ چىقماي ، « ئۇچۇر زەنجىرى » ئۇقۇمىنىڭ دەۋر مەنىسىنى زامانغا لايىق تونۇپ يەتمەي ، بولۇپمۇ ئۇچۇرنىڭ دۆلەت ، جەمئىيەت ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ۋە پەن ـ تېخنىكىغا بولغان مۇھىم رولى ۋە ئەھمىيىتىنى تونۇماي ، ئۇچۇر خىزمىتىگە دەل ۋاقتىدا تولۇق ئەھمىيەت بەرمەيدىكەنمىز ، ئۇ ۋاقتىدا خەلقئارالىق ئىجتىمائىي ئىگىلىك ۋە پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ قەدىمىگە دەل ۋاقتىدا ئەگىشىپ كېتەلمەيمىز .

90 ـ يىللاردىن بۇيان ، دۇنيادىكى ھەر قايسى سانائەتتە تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ۋە بىر قىسىم ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئۇچۇر ئاساس قۇرۇلما قۇرۇلۇش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ، ئۆز دۆلىتىنىڭ « يۇقىرى سۈرئەتلىك ئۇچۇر تاشيولى » نى پىلانلاپ قۇرۇشقا باشلىدى ، بۇ دولقۇننىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا ، دۆلىتىمىزنىڭ « دۆلەتلىك ئۇچۇر ئاساسىي قۇرۇلۇشى » 1994 ـ يىلىلا ھۆكۈمەتنىڭ كۈندىلىك ئىش تەرتىپىگە كىرگۈزۈلۈپ ، « ئالتۇن كۆۋرۈك » ، « ئالتۇن تاموژنا » ، « ئالتۇن چازا » قۇرۇلۇشى ھەمدە پەن ـ تېخنىكا تور قۇرۇلۇشى باشلانغان . مەملىكىتىمىزنىڭ دۆلەت ئۇچۇر ئاساس قۇرۇلۇشىدا ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى .

بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى ، مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ، شىنجاڭنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئاخبارات ئىشلىرىنىڭ ئىسلاھات يولى ماڭغانسېرى كېڭىيىدۇ ، بارغانسېرى تەرەققىي قىلىپ كۈچىيىدۇ ، پەن ـ تېخنىكا ئۇچۇر مۇلازىمىتىنىڭ كەسپلىشىش دائىرىسى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈلىدۇ ، بىز شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا ئاخباراتىنىڭ تورلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ سانائەت ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، ئىقتىساد ـ سودىسى ، پەن ـ تېخنىكا ئۇچۇر سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ ، پەن ـ تېخنىكا ئاخباراتىنى ئاپتونوم رايون خەلقلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم . 21 ـ ئەسىر مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋى قۇرۇلۇشىدا مۇھىم بىر مەزگىل ، ھەمدە ئىسلاھات تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدىغان مەزگىل ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، پەن ـ تېخنىكا ئاخبارات ئىشلىرى يەنە بىر دەرىجە گۈللەنگەن بىر مەزگىل . بىز تولۇق ئىشەنچ بىلەن 21 ـ ئەسىرنى قارشى ئالايلى .

# قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇش قانۇنى

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

## يەتتىنچى باب ھېساباتى ئېنىقلىنىدىغان كارخانىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى

**46 - ماددا تەرتىپكە سېلىشنىڭ مۇۋاپىقلىقىنى بەلگىلەش**

سوت مەھكىمىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ھېساباتىنى ئېنىقلاش توغرىسىدىكى ئەرزنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئۈچ كۈن ئىچىدە يازما شەكىلدە دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئورگىنى بىلەن شۇ كارخانا تەۋە بولغان دۆلەتنىڭ مەركىزىي باشقۇرۇش ئورگىنىغا ئۇقتۇرۇش قىلىپ كارخانىغا ئەرز توغرىسىدا خەۋەر يەتكۈزىدۇ. دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئورگىنى بىلەن كارخانا تەۋە بولغان دۆلەتنىڭ مەركىزىي باشقۇرۇش ئورگىنى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئىككى ھەپتە ئىچىدە سوت مەھكىمىسىگە تەرتىپكە سېلىشنىڭ مۇۋاپىق ياكى مۇۋاپىق ئەمەسلىكى توغرىسىدىكى قارارنى يوللايدۇ. تەرتىپكە سېلىشنىڭ يولغا قويۇشقا بولىدىغانلىقى ۋە مۇۋاپىقلىقىنى ئېنىق بەلگىلەش ئۈچۈن، سوت مەھكىمىسى ھېسابات ئېنىقلاش باشلىنىپ ئۈچ كۈن ئىچىدە مۇستەقىل باھالىغۇچىنى قوبۇل قىلىش ھەم باھالىغۇچىنىڭ پائالىيەت راسخوتىنى تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان كارخانىنىڭ كىرىم - چىقىمىغا كىرگۈزۈش ھوقۇقى بار. ئەگەر باھالاش ئېلىپ بارماقچى بولسا، باھالىغۇچىنىڭ كېلىشىمنامىسىنى تاپشۇرىۋالغاندىن كېيىن ئۈچ كۈن ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر باھالاش ئېلىپ بېرىلمىسا ھېسابات ئېنىقلاش باشلىنىپ ئون كۈن ئىچىدە سوت مەھكىمىسى دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئورگىنى بىلەن كارخانا تەۋە بولغان دۆلەتنىڭ مەركىزىي باشقۇرۇش ئورگىنىدىكى ۋەكىللىرىنى يىغىنغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قەرز بەرگۈچىنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى تۆلەپ بېرىش ۋە ئەرز قىلىش راسخوتىنى تولۇقلاپ بېرىش توغرىسىدىكى يازما كاپالىتىگە ئېرىشىدۇ. دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئورگىنى ياكى كارخانا تەۋە بولغان دۆلەتنىڭ مەركىزىي باشقۇرۇش ئورگىنىنىڭ ئىلتىماسنامىسى بىلەن كاپالەتنامىسىنى ھازىرلاش، سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلونى قاراپ چىقىشنى توختىتىش ۋە تەرتىپكە سېلىش قارارىنى چىقىرىشنىڭ ئاساسى. دۆلەتنىڭ مەركىزىي باشقۇرۇش ئورگىنى ۋەكىللىرى تەرتىپكە سېلىش ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوت مەھكىمىسىگە تەرتىپكە سېلىشقا مەسئۇل بولىدىغان كارخانا رەھبىرىنىڭ كاندىداتىنى يوللايدۇ. نامزاتلار ھازىرقى كارخانا رەھبىرى ياكى كەسىپكە پىششىق مۇتەخەسسىس بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

**47 - ماددا سوت مەھكىمىسىنىڭ كارخانىنى تەرتىپكە سېلىش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىش توغرىسىدىكى قارارى**

سوت مەھكىمىسى تەرتىپكە سېلىش ئىلتىماسىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئىلتىماسنى قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىش توغرىسىدا قارار چىقىرىدۇ. تەرتىپكە سېلىش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلغاندا سوت مەھكىمىسى تەرتىپ سېلىش سەۋەبىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ۋە تولۇق ھۆكۈم چىقىرىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەھۋالغا قاراپ تەرتىپكە سېلىش مۇددىتىنى بەلگىلەش كېرەك. ۋاقتى ئالتە ئايدىن بىر يىلغىچە بولىدۇ، ھەم كارخانا رەھبىرىنى تەيىنلەپ تەر-

تىپكە سېلىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىدۇ. تەرتىپكە سېلىش ۋە ھېساباتىنى ئېنىقلاش ياكى باشقا قەرز بەرگۈچىلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى سەۋەبىدىن ھەر قانداق قەرز بەرگۈچى قەرز تۆلەش ئىقتىدارى بولماسلىق تەھدىتىگە ئۇچرىشى مۇمكىن. ئەگەر سوت مەھكىمىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا بۇ خىل ئەھۋالنى بايقىسا، كارخانا كاپالەتنامە ۋە ئىلتىماسنامە سۈنسۈن ياكى سۈنمىسۈن سوت مەھكىمىسى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى رەت قىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ھېساباتىنى ئېنىقلاش تەرتىپى مەزكۇر قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ ۋە ماددىلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**48 ـ ماددا تەرتىپكە سېلىشقا مەسئۇل كارخانا رەھبىرى**

سوت مەھكىمىسى كارخانا رەھبىرىنى تەيىنلىگەن كۈندىن باشلاپ ئەسلىدىكى رەھبەر ھوقۇقىدىن قالىدۇ، كارخانىنىڭ بارلىق باشقۇرۇش ھوقۇقى يېڭى تەيىنلىگەن رەھبەرگە تاپشۇرۇلىدۇ. كارخانا رەھبىرى گېزىت ـ ژۇرناللاردا كارخانىنى تەرتىپكە سېلىشقا خالايدىغانلارنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا ئېلان چىقارسا بولىدۇ.

كارخانا رەھبەرلىرى تۆۋەندىكىلەرگە ئەمەل قىلىشى كېرەك: كارخانا باشقۇرغۇچى خادىملار ۋە كارخانا مۈلكىنى نازارەت قىلىشى؛ سوت مەھكىمىسىگە ئۆزىنىڭ قارارى ۋە ھەرىكىتىنى دوكلات قىلىشى؛ كارخانىنىڭ ھەر قانداق ھېسابات تالونى ۋە مالىيە ھۆججىتىگە كارخانىنىڭ تەرتىپكە سېلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئەسكەرتىش يېزىپ قويۇشقا دىققەت قىلىشى كېرەك.

كارخانا رەھبىرىنىڭ ھوقۇقى: كارخانىغا پايدا ئېلىپ كېلەلمەيدىغان ھەم قەرز يۈكلەش مۇمكىنچىلىكى بولغان ھەر قانداق مال ـ مۈلۈك، قەرزلەرنى رەت قىلىدۇ؛ خىزمەتچى ۋە مەسئۇل خادىملارنى ئىشقا سالالايدۇ ۋە ئىشتىن بوشىتىۋېتەلەيدۇ. كارخانا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق ھېسابات دەپتىرى ۋە ھۆججەتلەرنى تەلەپ قىلىش ياكى ئىگە بولۇش ھەمدە ئۇنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە. ئەمگەك ئىش ھەققى ئالالايدۇ، ئىش ھەققى سوممىسى شۇ كىشىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، كارخانىنىڭ ئىش ھەققى فوندىدىن ئاجرىتىلىدۇ. كارخانا رەھبىرى سوت مەھكىمىسى بەلگىلىگەن مۇددەت ئىچىدە كارخانا تۆلەش ئىقتىدارى بولغان كارخانىغا ئايلىنالمايدۇ، دەپ قارىسا تەرتىپكە سېلىش ئاخىرلىشىشىنى كۈتمەيلا سوت مەھكىمىسىگە قايتا ھېسابات ئېنىقلاش توغرىسىدا تولۇق سەۋەب ۋە ئىلتىماسنامىنى يوللىسا بولىدۇ. تەرتىپكە سېلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن كارخانىنىڭ يەنىلا تۆلەش ئىقتىدارى بولمىسا سوت مەھكىمىسى كارخانا رەھبىرىنىڭ ئىلتىماسىنى كۈتمەيلا ھېسابات ئېنىقلاش تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قەرز بەرگۈچىنىڭ قەرز تەلىپىنى قاندۇرۇش ھەم مەزكۇر قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ھېسابات ئېنىقلىغۇچىنى قايتا تەيىنلەش ھوقۇقىغا ئىگە.

## سەككىزىنچى باب يارىشىپ قېلىش كېلىشىمى

**49 ـ ماددا يارىشىپ قېلىش كېلىشىمى تۈزۈشنىڭ مۇمكىنچىلىكى**

كارخانا بىلەن قەرز بەرگۈچى ئوتتۇرىسىدىكى يارىشىپ قېلىش كېلىشىمى ھېسابات ئېنىقلاشنىڭ ھەر قانداق باسقۇچىدا ئىمزالانسا بولىدۇ. مەزكۇر قانۇننىڭ 41 ـ ماددىسىدا بەلگىلەنگەن 2 ـ، 3 ـ، 5 ـ تەرتىپتىكى تۆلەپ بېرىش تەلىپىگە نىسبەتەن يارىشىپ قېلىش كې

لىشمى تۈزۈشكە بولمايدۇ.

**50 - ماددا يارىشىپ قىلىش كېلىشمى تۈزۈشنىڭ شەرتلىرى**

يارىشىپ قىلىش كېلىشمى تۈزۈش ئۈچۈن قەرز بەرگۈچى چوقۇم مەزكۇر قانۇننىڭ 23 - ماددىسىنىڭ 1 - قىسمىدا بەلگىلەنگەن شەرتكە ئەمەل قىلىشى كېرەك. يارىشىپ قىلىش كېلىشمى ئىمزالاشقا قوشۇلمايدىغان قەرز بەرگۈچىلەر ئۈچۈن بەلگىلەنگەن شەرت، تۆلەپ بېرىش تەلىپى ئوخشاش بولغان يارىشىپ قىلىش كېلىشمى ئىمزالاشقا قوشۇلىدىغان قەرز بەرگۈچى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن شەرتتىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك.

**51 - ماددا سوت مەھكىمىسىنىڭ يارىشىپ قىلىش كېلىشمى ئىمزالاش ئىلتىماسىنى قاراپ چىقىشى**

يارىشىپ قىلىش كېلىشمىنى تەستىقلاشنى تەلەپ قىلىش ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇۋالغاندا، كارخانا سوت مەھكىمىسىگە يارىشىپ قىلىش كېلىشمىنىڭ لايىھىسى ۋە كارخانىنىڭ تەگپۈگلۈق جەدۋىلىنى تاپشۇرۇشى كېرەك. مەزكۇر قانۇنىنىڭ 41 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن 2 -، 3 -، 5 - تەرتىپكە بەلگىلەنگەنلىرىدىن باشقا، بارلىق قەرز بەرگۈچىلەرنىڭ تىزىملىكىگە ئۇنىڭ ئادرېسى ۋە قەرز سوممىسى، شۇنداقلا يارىشىپ قىلىش كېلىشمىدە ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان تۆلەپ بېرىش توغرىسىدىكى قەرز ئىسپاتىنى ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك. سوت مەھكىمىسى تەستىقلىغان يارىشىپ قىلىش كېلىشمى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا يوللايدۇ، چاقىرىلغۇچى سوتقا قاتناشمىسىمۇ دېلونىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىغا توسالغۇ بولمايدۇ. سوت مەھكىمىسى يىغىن ئېچىپ يارىشىپ قىلىشقا قارشى ھەر بىر قەرز بەلگۈچىنىڭ پىكرىنى ئاگلىشى كېرەك.

**52 - ماددا يارىشىپ قىلىش كېلىشمىنىڭ تۈزۈلۈشى**

يارىشىپ قىلىش كېلىشمى يازما شەكىلدە ئىمزالىنىدۇ، سوت مەھكىمىسى تەستىقلىغان كۈنىدىن باشلاپ تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن بارلىق قەرز بەرگۈچى چوقۇم ئىجرا قىلىشى كېرەك، مەزكۇر كېلىشىم سوت مەھكىمىسى تەستىقلىغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە.

**53 - ماددا يارىشىپ قىلىش كېلىشمىنىڭ ئۈنۈمىنى يوقىتىشى ۋە ئاخىرلىشىشى**

ئەگەر كارخانا تەگپۈگلۈق جەدۋىلىدە ئۆزىنىڭ مۈلۈكلىرىنى ئېنىق ئىپادىلىمىسە، سوت مەھكىمىسى ھەر قانداق بىر قەرز بەرگۈچىنىڭ ئەرزىگە ئاساسەن يارىشىپ قىلىش كېلىشمىنى ئىناۋەتسىز، دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

تۆۋەندىكى ئەھۋال ئاستىدا يارىشىپ قىلىش كېلىشمى ئىناۋەتسىز دەپ قارىلىدۇ ھەم ئېنىقلاش تەرتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ:

1. يارىشىپ قىلىش كېشىمنى يۈرگۈزمىگەن شارائىتتا؛

2. كارخانىنىڭ مالىيە ئەھۋالى داۋاملىق ناچارلاشقاندا قەرز بەرگۈچى ھېسابات ئېنىقلاشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە؛

3. كارخانىنىڭ تاماملاش ھەرىكىتى قەرز بەرگۈچىنىڭ ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتسا؛

4. ھەر قانداق بىر قەرز بەرگۈچىنىڭ مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرىغاندا؛

5. يارىشىپ قىلىش كېلىشمىگە قاتناشمىغان يېڭى قەرز بەرگۈچى بار بولغاندا.

سوت مەھكىمىسى باشقا پاكىتلارغا ئاساسەن يارىشىپ قىلىش كېلىشمىنى ئىناۋەتسىز، دەپ بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە. يارىشىپ قىلىش كېلىشمى ئىناۋەتسىز دەپ بەلگىلەنگەن ئەھۋال

ئاستىدا، ھېسابات ئېنىقلىغۇچى گېزىت - ژۇرناللاردا ھېسابات ئېنىقلاش تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى ئېلان قىلىدۇ.

### توققۇزىنچى باب ئاخىرقى ماددىلار

### 54 - ماددا قانۇنسىز ھەرىكەتلەر

مەزكۇر قانۇنغا ئاساسەن ئەگەر مەلۇم كىشى تۆۋەندىكى قىلمىشلارنى سادىر قىلسا قانۇنسىز قىلمىش دەپ قارىلىدۇ:

1. كارخانىنىڭ مۈلكى ياكى قەرزلىرىنى يوشۇرسا ياكى كۆيدۈرسە؛

2. ھۆججەتلەرنى يوشۇرسا، كۆيدۈرسە، بۇزۇۋەتسە ياكى يالغاندىن ياسىۋالسا؛ ياكى كارخانا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھېسابات دەپتەردىكى ئاتالغۇلارنى يالغاندىن خاتىرىلىسە؛

3. قەرز ئالغان ياكى تۆلەپ بولالمىغان كارخانا مۈلكىنى ساتسا ياكى گۆرۈگە قويسا؛

4. ھېسابات ئېنىقلاش باشلانغاندىن كېيىن كارخانا مۈلكىنى تەقسىم قىلسا ياكى يوشۇرسا؛

5. كارخانا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، بىراق كارخانا مۈلكىنى بايقاش، مال - مۈلۈك ياكى كارخانىنىڭ ھەر خىل قەرزىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇچۇرغا ئېرىشىش جەھەتتە ھېسابات ئېنىقلىغۇچى بىلەن ھەمكارلاشمىغان ياكى ساختا ئىسپات بىلەن تەمىنلىسە؛

6. ھېساباتى ئېنىقلانغان كارخانىنىڭ نامىنى قوللانغان بولسا؛

مەزكۇر ماددىدا بەلگىلەنگەن بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلغانلارغا نىسبەتەن قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى ئۇنىڭ قانۇنى مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرىدۇ.

### 55 - ماددا مەزكۇر قانۇننىڭ تولۇقلىما قائىدىلىرى

مەزكۇر قانۇندا بەلگىلەنگەن تەپسىلىي قائىدىلەردىن باشقا قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ياكى ھۆكۈمەت ھوقۇق بەرگەن ئورگانلار زۆرۈر تېپىلغاندا مەزكۇر قانۇننى يولغا قويۇشقا پايدىلىق باشقا تەپسىلىي قائىدىلەرنى تۈزسە بولىدۇ. مەزكۇر قانۇنغا زىت قائىدىلەرنى ئېلان قىلىش مەنئىي قىلىنىدۇ.

### 56 - ماددا مەسلىھەت سوراش كومىتېتى

قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى بىلەن دۆلەت بانكىسى مەسلىھەت سوراش كومىتېتى تەسىس قىلسا بولىدۇ، كومىتېت ئەزالىرى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كومىتېت، مالىيە مىنىستىرلىكى، ئەدلىيە مىنىستىرلىكى، سانائەت مىنىستىرلىكى شۇنداقلا دۆلەت بانكىسى بىلەن دۆلەت مۈلكى فوندى جەمئىيىتىنىڭ مۇتەخەسسىسلەر ۋەكىللىرىدىن تەشكىللىنىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى مەزكۇر قانۇننىڭ تولۇقلىما قائىدىلىرىگە نىسبەتەن قوللىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش خاراكتېرىدىكى پىكىرلەرنى بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### 57 - ماددا سوت مەھكىمىسىنىڭ بۇ قانۇننى يۈرگۈزۈشتىكى ھوقۇقى

ھېسابات ئېنىقلاش جەريانىدا، ئەگەر مەزكۇر قانۇن ياكى ئۇنىڭ تولۇقلىما قائىدىلىرىدە چۈشەندۈرۈلمىگەن مەسىلىلەر كۆرۈلسە، سوت مەھكىمىسى دېلونى تەتقىق قىلىش ۋە سۇنغان ئىسپاتقا ئاساسەن ھېسابات ئېنىقلىغۇچى، قەرز بەرگۈچى ياكى قەرز بەرگۈچىلەر كومىتېتىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆز ئالدىغا مەزكۇر قانۇن ۋە مەزكۇر قانۇن ئاساسىدا ئېلان قىلىنغان قائىدىلەرگە زىت بولمىغان قارارنى چىقىرىدۇ.

قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى زۇڭتۇڭى: A. ئاقايېۋ

(تۈگىدى)

# قازاقىستانىنىڭ ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلاردىن ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى ئېلىشنى يولغا قويۇش تەپسىلى قائىدىسى

( بېشى ئالدىنقى ساندا )

**يەتتىنچى . تاپشۇرۇش ۋاقتى ۋە قائىدىسى**

1 . مالنى تاموژنىغا مەلۇم قىلىش تالونىدا ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجىنى تۆلىگەنلىك ئىسپاتى ئۈچۈن ، بانكىنىڭ پۇل چىقىم قىلىش ئىسپاتى ۋە مال كىرگۈزگۈچى ئورۇن ھېساب ئاچقان بانكىسىنىڭ پۇل تۆلەش ئىسپاتى بولۇش كېرەك . بۇ ئىسپاتتا چوقۇم ئىدارىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقىنىڭ ياكى مۇدىر بوغالتىرنىڭ ئىمزاسى ۋە ئىدارىنىڭ مالىيە تامغىسى بولۇش كېرەك . ئىستېمال بېجى ئېلىنىدىغان تاۋارلارنى ئىمپورت قىلغان ۋاقىتتا ، تاموژنىنىڭ ۋاقىتلىق ھېساباتىدىكى نەق كىرگەن پۇل ئەھۋالىغا ئاساسەن ، تاۋارلارنىڭ ئىمپورت قىلىنىش رەسمىيىتىنى بېجىرىش كېرەك .

2 . ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى تاموژنىنىڭ ۋاقىتلىق ھېساباتىغا كىرگۈزۈلىدۇ ، تاموژنا بانكىنىڭ ئىسپاتىغا ئاساسەن ، ۋاقىتلىق ھېساباتقا كىرگەن پۇل ئەھۋالىنى نازارەت قىلىدۇ . بانكا پۇل تۆلەش ھۆججىتىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 14 كۈن ئىچىدە ، ئەگەر باج سوممىسى تاموژنىنىڭ ۋاقىتلىق ھېساباتىغا ئۆتمىگەن بولسا ، ئۇ ھالدا تاموژنا باج تارماقلىرىغا باج پۇلىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ ، باج تارماقلىرى تاموژنىنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن يىققان پۇلنى تاموژنىنىڭ ۋاقىتلىق ھېساباتىغا كىرگۈزىدۇ .

3 . قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى زۇڭتۇڭىنىڭ « باج ئېلىش ۋە باشقا چوقۇم تۆلىنىدىغان خام چوت » ( 1995 - يىلى 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىكى 2235 - نومۇرلۇق ) پەرمانىنىڭ 70 - ۋە 152 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن شەرتلەرگە ئاساسەن ، باج ئىدارىسى باشلىقى ئاشقان قىممەت بېجىنى ئېلىش ۋاقتىنى ئۇزارتىشقا ھوقۇقلۇق ، باج تارماقلىرى نازارەت قىلىشقا ، ئارقىغا سۈرۈلگەن قىممىتى ئاشقان باجنى تۆلىتىشكە مەسئۇل .

4 . قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى قانۇنىدا ، بەلگىلەنگەن دائىرە ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلاردىن ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى ئېلىنىدۇ ، دەپ بەلگىلەنگەن .

**سەككىزىنچى . ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجىنىڭ باج قايتۇرۇش بەلگىلىمىسى**

تاموژنا باھا بېكىتىشنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەبلىك ، پۇل تۆلىگۈچى تاموژنىغا يازمىچە ئىلتىماس تاپشۇرسا ، تاموژنا ئارتۇق تاپشۇرۇلغان ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ ، ئىلتىماس تاپشۇرغان كۈندىن تارتىپ 20 كۈن ئىچىدە پۇل قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ . تاموژنا تۈزۈمى تەلىپىگە ئاساسەن ، تاپشۇرۇلغان ئاشقا قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى پۇلى قايتۇرۇلىدىغان دائىرىگە كىرسە ، تاموژنا تارماقلىرى قايتۇرۇپ بېرىدۇ . ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى پۇلىنى قان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى پۇلىنى قايتۇرۇپ بەرگەندە چوقۇم تاموژنىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىغا تۆۋەندىكى

رەسمىيەتلەرنى تاپشۇرۇش كېرەك :

1) پۇل تاپشۇرغۇچىنىڭ ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى پۇلىنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسى بولۇش ؛

2) تاموژنىدا بېجىرگەن مالنى تاموژنىغا مەلۇم قىلىش تالونىغا ئاساسەن ، باج پۇلىنى ھېسابلاش ۋە قايتۇرۇۋېلىش كېرەك ؛

3) بانكىنىڭ ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجىنى تۆلىگەنلىك ئىسپاتى ، ئىدارە ھېساب ئاچقان بانكىنىڭ پۇل تۆلىگەنلىك ئىسپاتى ، بۇنىڭدا چوقۇم ئىدارىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقىنىڭ ۋە مۇدىر بوغالتىرنىڭ ئىمزاسى شۇنداقلا ئىدارىنىڭ مالىيە تامغىسى بولۇش كېرەك ؛

4) مالنىڭ چېگرىدىن ئۆتتۈش ئىسپاتى ؛

5) ئارتۇق تاپشۇرۇلغان ، خاتا ھېسابلىنىپ ئارتۇق ئېلىنغان باج پۇلىغا ۋە ئىستېمال بېجى پۇلىغا چوقۇم باشقىدىن ئىسپات كۆرسىتىش كېرەك ، ئىسپاتتا قايتۇرۇش تەلەپ قىلىنغان باج پۇلى كۆپ يىغىلغان ياكى خاتا ھېسابلانغان پۇلدۇر .

**توققۇزىنچى . ھەر خىل تاموژنا تۈزۈمى شارائىتىدا ، ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى كىرىمنى ئاشۇرۇشنىڭ ئالاھىدىلىكى**

1 . ئىمپورت قىلىنغان ئادەتتىكى تاۋارلار

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرىسى ئىچىگە كىرگەن ( ئىمپورت قىلىنغان ) تاۋارلار مۇشۇ تەپسىلى قائىدىنىڭ 3 - ماددا 1 - ، 2 - تارمىقىدا بەلگىلەنگەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا — ھەرقانداق تاۋارلاردىن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنى ۋە مۇشۇ تەپسىلى قائىدىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بىردەك ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى ئېلىنىدۇ .

ئەگەر تاموژنا تۈزۈمىدە باشقا ئۆزگىرىش بولسا ، شۇ ۋاقىتتا يولغا قويۇلغان تاموژنا بېجى تۈزۈمىگە ئاساسەن باج ئېلىنىدۇ .

2 . قايتا ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلار

ئىلگىرى قازاقىستاندىن ئېكسپورت قىلىنىپ قايتا ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلار ، ئېكسپورت قىلىنغان كۈندىن تارتىپ ئۈچ يىل ئىچىدە تاموژنا ئېكسپورت قىلىنغان چاغدىكى ھالىتىنى ساقلاپ قالغان دەپ ئېتىراپ قىلسا ، تەبىئىي ئۇپراش ۋە نورمال توشۇش ، نورمال ساقلاش شارائىتىدىكى ئۇپراش شۇنداقلا تاموژنا كومىتېتى بەلگىلىگەن باشقا ئەھۋاللاردىن ساقىت بولسا ، ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى ئېلىنمايدۇ .

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسىگە ئەزا دۆلەتلەر چېگرىسى ئىچىدىكى قايتا ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ ئېكسپورت قىلىنغان چاغدا بەھرىمەن بولىدىغان چېگرا ئېتىبار بېجى پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرىشتە ، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مەركىزى بانكا بەلگىلەنگەن قايتۇرۇلىدىغان باج نىسبىتىگە ئاساسەن قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىلىدۇ .

3 . چېگرىدىن ئۆتىدىغان تاۋارلار

چېگرىدىن ئۆتىدىغان تاۋارلاردىن ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى ئېلىنمايدۇ . ئىستېمال بېجى ئېلىنىدىغان تاۋارلار چېگرىدىن ئۆتكەندە ئىستېمال بېجى ۋە ئاشقان قىممەت بېجى تاپشۇرۇپ بولغان بولسا ، ھەممە باج پۇلى تاموژنىنىڭ ۋاقىتلىق ھېساباتىغا كىرگۈزۈلگەن بولسا ، تاموژنىنىڭ كۆرسەتكەن ئىسپاتى ۋە قازاقىستان تاموژنا چېگرىسىدىكى ئەمەلىي ئۆتكەن مال ئىسپاتىغا ئاساسەن ، باج پۇلىنى قايتۇرۇش كېرەك . ئەگەر چېگرىدىن ئۆتكەن تاۋار بەلگىلەنگەن تاموژنىغا يېتىپ بارمىغان بولسا ، ھەممە بۇ تاۋار يوقۇپ كەتمىگەن بولسا ؛ قاتناش ھادىسىسى ۋە يەڭگىلى بولمايدىغان كۈچ ( تەبىئىي ئاپەتلەر ) تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان زىيان بولسا ؛ ياكى تەبىئىي ئۇپراش

تىن كېلىپ چىققان كەمتۈكلۈك ؛ ياكى نورمال ترانسپورت ۋە ساقلاش شارائىتىدا كېلىپ چىققان زىيان ؛ ياكى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنىغا ماس كەلمەيدىغان ، ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى تاپشۇرغاندا ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلار چەتئەللىك مەسئۇل كىشىنىڭ قانۇنسىز ئىگىلىۋالغان تاۋارلىرىنى چېگرىدىن قايتۇرۇۋېتىشى قاتارلىق مۇشۇ خىلدىكى تاۋارلادىن يىغىلغان ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى ئادەتتىكى تاۋارلاردىن يىغىلغان باج سۈپىتىدە دۆلەت خام چوتىغا كىرگۈزۈلىدۇ .

4 . تاموژنا ئامبىرى

تاموژنا ئامبىرىغا قويۇلغان ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلاردىن ئىستېمال بېجى ۋە ئاشقان قىممەت بېجى ئېلىنمايدۇ . تاموژنا قانۇنىغا ئاساسەن تاموژنىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى تاۋارلاردىن ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى ئېلىنىدۇ ، ئەگەر باشقا تاموژنا تۈزۈمى بولسا ، مۇشۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن ئىجرا قىلىش كېرەك .

تاموژنا ئامبىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ تاۋارنى باشقۇرۇش ، نازارەت قىلىش ، باج پۇلىنى تاپشۇرۇش مەسئۇلىيىتى بىكار قىلىنغاندىن كېيىن ، تاموژنا كومىتېتىنىڭ ماقۇللىقىغا ئاساسەن ، ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجىنى ماددىي ئەشيالارنى قويغان مال ئىگىسى تاپشۇرسىمۇ بولىدۇ . تاموژنا ئامبىرى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى تاموژنا تارماقلىرىنىڭ نازارەت قىلىشى ۋە باشقۇرۇشىدا بولسا ، ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجىنى تاۋار قويغان مال ئىگىسى تۆلەيدۇ .

5 . باج كەچۈرۈم قىلىنغان سودا بازىرى

باج كەچۈرۈم قىلىنغان سودا بازىرىدا ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى ئېلىنمايدۇ . ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجىنى باج كەچۈرۈم قىلىنغان سودا بازىرى ئىگىسى مەسئۇل بولۇپ تاپشۇرىدۇ .

6 . تاموژنا رايونىدا تاۋار پىششىقلاپ ئىشلەش

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسىگە ئەزا دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلار ، تاموژنا رايونىدا قايتا پىششىقلاپ ئىشلەنسە ، ئالاقىدار باج قانۇنىغا ئاساسەن ئادەتتىكى تاۋار بويىچە ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى ئېلىنىدۇ . مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسىگە ئەزا دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىنىدىغان پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تاۋارلار ، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرىسىدىن ئۆتكەن كۈنىدىن تارتىپ ئىككى يىل ئىچىدە ئۇنىڭ ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجىنى تاموژنا قانۇنىغا ئاساسەن ، تاموژنىنىڭ ۋاقىتلىق ھېساباتىدىن قايتۇرۇۋېلىشقا بولىدۇ .

تاپشۇرۇپ بولغان ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان باج تاپشۇرغۇچىلار ، تاموژنىغا تۆۋەندىكىدەك ھۆججەتلەرنى تاپشۇرۇشى كېرەك :

باج تاپشۇرغۇچىنىڭ باج پۇلى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان يازما ئىلتىماسى . بۇنىڭدا پۇل تۆلىگۈچى پۇل تۆلىگەن بانكا چېكىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ، باج پۇلىنى بەلگىلىگەن ئورۇنغا قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ ؛

پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان تاۋارنى ئىمپورت قىلغان چاغدىكى مالنى تاموژنىغا مەلۇم قىلىش تالونى ئارقىلىق ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى ھېسابلىنىدۇ ۋە يىغىۋېلىنىدۇ ؛

پۇل تۆلىگەنلىك ئىسپاتىدىن بىر نۇسخا . بۇ ئارقىلىق ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجىنى تۆلەپ بولغانلىقى ئېتىراپ قىلىنىدۇ . ئىسپاتتا پۇل تۆلىگەن بانكىنىڭ تامغىسى بولۇش كېرەك ؛

جۇمھۇرىيەت تاموژنا رايونىدا تاۋارلارنى

پىششقلاپ ئىشلەش ئىجازەتنامىسى ۋە تارماق ھېساباتتا پۇل تۆلىگەنلىكىگە ئائىت بانكا ئىسپاتى . بۇ ئىسپاتتا ئىدارىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقىنىڭ ۋە باش بوغالتىرنىڭ ئىمزاسى ھەمدە ئىدارىنىڭ مالىيە تامغىسى بولۇش كېرەك .

ئەگەر پىششقلاپ ئىشلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىمپورت قىلىنغان بىر قىسىم تاۋارلارغا پىششقلاپ ئىشلەش ھەققى تۆلەشكە توغرا كەلسە ، ئۇ ھالدا بۇ تاۋارلار ئادەتتىكى ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى ئېلىنىدىغان تاۋارلارغا مەنسۇپ بولىدۇ . ئەگەر پىششقلاپ ئىشلەش ھەققى ئۈچۈن تاۋار تۆلىنىدىغان بولسا ، ئۇ ھالدا تۆلەم ئۈچۈن پىششقلاپ ئىشلەنگەن ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلاردىن ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى ئېلىنىدۇ . پىششقلاپ ئىشلەنگەن تاۋارلارنى ئېكسپورت قىلىنغاندا ، ئىمپورت قىلىنغاندا تۆلىگەن ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجىدىن پىششقلاپ ئىشلەش ھەققى تۇتۇپ قېلىنىپ ، قالغىنى قايتۇرۇپ بېرىلىشى كېرەك .

7 . تاموژنىنىڭ نازارەت قىلىشى ئاستىدا تاۋار پىششقلاپ ئىشلەش

تاموژنىنىڭ نازارەت قىلىشى ئاستىدا ئىمپورت قىلىنغان ، پىششقلاپ ئىشلىنىدىغان تاۋارلاردىن ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى ئېلىنمايدۇ .

8 . ۋاقىتلىق ئىمپورت ۋە ئېكسپورت قىلىش

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئىچكى كابىنېتى بەلگىلىگەن تاۋارلاردىن باشقا ، ۋاقىتلىق ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلاردىن بىردەك ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى ئېلىنمايدۇ .

9 . ئەركىن تاموژنا رايونى ۋە ئەركىن ئامبار

چەت ئەل ۋە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاۋارلىرى ئەركىن تاموژنا رايونىغا كىرسە ۋە ئەركىن ئامبارغا قويۇلسا ، ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى ئېلىنمايدۇ .

ئەركىن تاموژنا رايونىدىكى ۋە ئەركىن ئامباردىكى تاۋارلارنى قازاقىستان تاموژنا رايونىنىڭ باشقا جايلىرىغا يۆتكىسە ، چوقۇم ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى تاپشۇرىدۇ .

قازاقىستان ئېكسپورت قىلماقچى بولغان تاۋارلار ، تاموژنىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئەركىن تاموژنا رايونىغا قويۇلسا ياكى ئەركىن ئامبارغا قويۇلسا ، ئەمەلىي ئېكسپورت ئەھۋالىغا ئاساسەن ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ . ئەگەر ئېلىنغان بولسا ، قايتۇرۇلۇشى كېرەك . بۇ تاۋارلارنىڭ ئېكسپورت ۋاقتى باج كەچۈرۈم قىلىنغان ياكى ئىستېمال بېجى ۋە ئاشقان قىممەت بېجى قايتۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىنكى ئالتە ئايدىن ئاشماسلىقى كېرەك . يۇقىرىقى ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلار ئەگەر ئەركىن تاموژنا رايونىدىن ۋە ئەركىن ئامباردىن قازاقىستاننىڭ باشقا تاموژنا رايونىغا قايتۇرۇپ كېلىنسە ياكى بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ئېكسپورت قىلىنمايدىغان بولسا ، ئۇنداقتا باج تارماقلىرىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى ئېلىنىشى كېرەك ، ئۇنىڭ باج نىسبىتى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك بانكىسىنىڭ ھۆكۈمەت پېرىۋوت نىسبىتى ۋە ھۆكۈمەت باج نىسبىتى بويىچە ھېسابلىنىدۇ .

10 . تاموژنا رايونىنىڭ سىرتىدا تاۋار پىششقلاپ ئىشلەش

ئەگەر قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى تاموژنا رايونىدىن چىقىرىلغان تاۋارلار پىششقلاپ ئىشلەنسە ، ئۇ ھالدا خام چوتقا تۆلىنىپ بولغان ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى قايتۇرۇلمايدۇ . پىششقلاپ ئىشلەنگەن تاۋارلارنى ئېكسپورت قىلغاندا ، ئەگەر مۇشۇ تاۋارلار ئادەتتىكى

تاۋار قاتارىدا ئىلتىماس قىلىنغان بولسا، ئىلتىماس قىلغۇچى ياكى تاموژنا ۋاستىچىسى تاموژنا رايونىدىن باشقا رايونلاردا تاۋارنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئىجازەتنامىسى ئالغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ خىل پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان تاۋارلاردىن ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى ئېلىنمايدۇ.

11. تاۋار ئېكسپورت قىلىش

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسىگە ئەزا دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىدىغان تاۋارلاردىن ئىستېمال بېجى ۋە ئاشقان قىممەت بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ ياكى باج قانۇنىغا ئاساسەن نۆل پىرسەنتلىك باج نىسبىتى بويىچە ئىستېمال بېجى ئېلىنىدۇ.

12. تاۋارلارنى قايتا ئېكسپورت قىلىش

قازاقىستان تاموژنا رايونىغا ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلاردىن تاموژنىغا مەلۇم قىلىنغان ۋاستىلىك قايتا ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنىڭ ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى كىرىمى ئاشۇرۇلمايدۇ، بۇ تاۋارلارنىڭ قايتا ئېكسپورت قىلىنىشى تاموژنىغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىنكى ئالتە ئايدىن ئاشماسلىقى كېرەك.

ئەگەر تاۋار ئىمپورت قىلىنغان چاغدا، بۇ تاۋارنىڭ قايتا ئېكسپورت قىلىدىغان تاۋار ئىكەنلىكى مەلۇم قىلىنمىغان ياكى مەلۇم قىلىنغاندىن كېيىن، قايتا ئېكسپورت قىلىش ۋاقتى ئالتە ئايدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، ئۇ ھالدا بەلگىلىمە بويىچە تاموژنىغا ياكى باج تارماقلىرىغا تاۋارنىڭ ئاشقان قىممەت بېجى، ئىستېمال بېجى ۋە تاموژنا بېجى تاپشۇرۇلىدۇ.

قايتا ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنى ئېكسپورت قىلغاندا، تۆۋەندىكىدەك ئەھۋالدا ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ.

قايتا ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئىمپورت قىلىنغان چاغدىكىگە ئوخشاش بولسا، تەبىئىي ئۇپراش، نورمال قاتناش ۋە ساقلاش شارائىتىدىكى ئۇپراش بۇنىڭ سىرتىدا؛

ئىمپورت قىلىنغاندىن كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە قايتا ئېكسپورت قىلىنسا؛

قايتا ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋار كىرىم قىلىشقا ئىشلىتىلمىسە.

13. تاۋارنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى ۋە دۆلەت مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ قايتۇرۇۋېتىلگەن تاۋارلار.

كۆيدۈرۈلگەن تاۋارلار ياكى دۆلەت مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ قايتۇرۇۋېتىلگەن تاۋارلاردىن ئاشقان قىممەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجى ئېلىنمايدۇ. ( تۈگىدى )

ئادەلەت تاھىر (ت)

# 1996 - يىللىق شىنجاڭنىڭ ئاساسىي دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى مۆلچەرلەش

1. ئاشلىق: 1995 - يىلى پۈتۈن يەر شارى بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى ئاساسەن ئالدىنقى يىلدىكى بىلەن ئوخشاش سەۋىيىدە بولدى. بۇغداي بىلەن گۈرۈچنىڭ ئېشىپ، قارا ئاشلىق كېمىيىپ كەتتى. مەملىكىتىمىزنىڭ ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى ئالدىنقى يىلدىن تەخمىنەن 2 مىليارد 500 مىليون توننا ئەتراپىدا ئاشتى. شىنجاڭنىڭ ئاشلىق

مەھسۇلات مىقدارى مۆلچەرلىنىشىچە 7 مىليون 250 مىڭ توننىغا ( بۇنىڭ ئىچىدە بىگتۇەننىڭ مۆلچەر بويىچە 1 مىليون 350 مىڭ توننا ) يېتىپ ، تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە ياراتتى ، ئۆزىنى تەمىنلەپلا قالماي ئېشىندى . 1996 - يىلى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يەنىلا بوشاشتۇرۇشقا بولمايدۇ . ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنى ساقلاپ قىلىش ۋە ئۇنى مۇقىملاشتۇرۇش ، ئاساسەن بىرلىك مەھسۇلاتنى تىرىشىپ ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش كېرەك . يەم - خەشەك سانائىتى ۋە دېھقانچىلىق رايونلارنىڭ چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۆممىقۇناقنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىش كېرەك . گۇرۇچ شىنجاڭنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ . ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش شارائىتى يار بەرگەن جايلار شال تېرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش كېرەك . بولۇپمۇ قەشقەر ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتى ياز پەسلىدە سۇ مەنبەسىنىڭ مول بولۇشىدىن پايدىلىنىپ تەكرار تېرىلغۇ شال كۆلىمىنى كۆپەيتىش كېرەك . بۇغداينىڭ تېرىلغۇ كۆلىمىنى تۇراقلاشتۇرۇش ، ئومۇمىي مەھسۇلاتنى كۆپەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەلا سۈپەتلىك بۇغداينى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، ئالاھىدە ئۇن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش كېرەك . قارا ئاشلىق پېۋا ئارپىسى قاتارلىقلارنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى بىلەن سۈپىتىنى ئاشۇرۇش كېرەك . سېرىق پۇرچاق بىلەن كۆممىقوناقنى قۇر ئارىلىتىپ تېرىلغاندا ، سېرىق پۇرچاقنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇپلا قالماي ، يەرنىمۇ مۇنبەتلەندۈرىدۇ .

2 . ياغ ماتېرىياللىرى : 1995 - يىلى خەلقئارادا ياغ ماتېرىياللىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئېشىپ ، باھاسى چۈشۈپ كەتتى . مەملىكىتىمىزدە ياغلىق زىرائەت مەھسۇلات مىقدارى ئالدىنقى يىلدىن 20% تىن كۆپرەك ئاشتى . مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا مايلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئېلىنىدىغان خام ئەشيا مەنبەسى بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك بولغاچقا ، 1995 - يىلى ئۆسۈملۈك يېغىنىڭ بازار باھاسى تۆۋەن بولۇپ ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قىچىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى بىر كىلوگرامى 2.4 — 2.8 يۈەنگىچە بولدى . مۆلچەرلىنىشىچە 1996 - يىلى ياغلىق زىرائەتلەر تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى بىر ئاز تۆۋەنلەيدىكەن . ياغلىق مەھسۇلاتلار بازىرى ئالدىنقى يىلدىن ياخشى بولىدىكەن . ياغ ماتېرىياللىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بىر قەدەر تۆۋەن بولغانلىقتىن ، شىنجاڭ ياغ ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتا ئۆزىنى تەمىنلەپ ئاشسىلا بىر قەدەر مۇۋاپىق كېلىدۇ . جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ ياغلىق زىرائەت تېرىشقا باب كېلىدىغان رايونلار بولۇپ ، ئاپتاپپەرەس ، قىچا ، زاراگزىنى كۆپ تېرىپ ، پىششىقلاپ ئىشلەپ ياغنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلارغا كىرگۈزۈش كېرەك .

3 . پاختا : مەملىكىتىمىزنىڭ 1995 - يىللىق پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى مۆلچەرلىنىشىچە ئالدىنقى يىلدىن بىر ئاز يۇقىرى ، ئەمما يەنىلا ئېھتىياجنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ . شىنجاڭ پاختىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تەبىئىي ئەۋزەللىككە ئىگە . دۆلەت مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىسىدا شىنجاڭنى چوڭ تىپتىكى تاۋار پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى قارار قىلدى . ئاپتونوم رايونىمىز 2000 - يىلىغا بارغاندا پاختا تېرىلغۇ كۆلىمىنى 16 مىليون موغا ، ساپ پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنى 1 مىليون 500 مىڭ توننىغا ( بۇنىڭ ئىچىدە بىگتۇەننىڭ پاختا مەھسۇلاتىنى 500 مىڭ توننىغا ) يەتكۈزۈشنى پىلانلىدى . 1996 - يىلى « 9 - بەش يىللىق » پىلاننىڭ بىرىنچى يىلى ، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلـ

مىنى ئىمكان قەدەر كۆپەيتىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمىنى 12 مىليون موغا ( بىڭتۇەننىڭ تېرىلغۇ كۆلىمىنى 4 مىليون 500 مىڭ موغا ) يەتكۈزۈشكە تىرىشىش كېرەك. پاختا بىڭتۇەننىڭ تايانچ سانائىتى شۇنىڭدەك بىڭتۇەن ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بېيىشىنىڭ ئۈنۈملۈك يولى. بىڭتۇەن پاختىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بېرىشى، تۈەن مەيدان ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ كېۋەز تېرىش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاشقا پايدىلىق بولغان ھەر تۈرلۈك سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، پاختا سانائىتىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك.

4 . قىزىلچا : ئەنگىلىيە مائىنې تاۋار بېرژىسىنىڭ مۆلچەر قىلىشىچە 1995 - يىلىدىن 1996 - يىلىغىچە، دۇنيا شېكەر بازىرىدا تەمىنلەش ئېھتىياجدىن ئېشىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلىدىكەن، پۈتۈن يەر شارىنىڭ مۇشۇ يىللىق شېكەر مەھسۇلات مىقدارى 116 مىليون 200 مىڭ توننا بولغان. ئىستېمال مىقدارى 114 مىليون 250 مىڭ توننا بولۇپ، 1 مىليون 950 مىڭ توننا ئېشىپ قالغان. تەمىنلەشنىڭ ئېھتىياجدىن ئېشىپ كېتىشىنىڭ تەكرارلىنىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، جۇڭگونىڭ شېكەر مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشى، ئوتتۇرا ياۋروپا بىلەن غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ئېھتىياجىنىڭ تۆۋەنلىشىدىن بولغان. 1995 - يىلىدىن 1996 - يىلىغىچە مەملىكىتىمىزنىڭ شېكەر مەھسۇلات مىقدارى مۆلچەرلىنىشىچە 6 مىليون 600 مىڭ تونىنغا يېتىدۇ. بۇنى ئالدىنقى يىلغا سېلىشتۇرغاندا 300 مىڭ توننا ئارتۇق، مەھسۇلاتنىڭ ئېشىش دائىرىسى بىر قەدەر چوڭ. نۆۋەتتە، زور مىقداردىكى شېكەر ئامباردا ساقلانماقتا. بۇنىڭ بىلەن شېكەرنىڭ باھاسى چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ يىل قىزىلچىنىڭ تېرىلىش كۆلىمىنى، بۇلتۇرقى سەۋىيىنى ساقلاپ قىلىش ئاساسىدا بىر ئاز كۆپەيتىشكە بولىدۇ. ئاساسلىق پەن - تېخنىكىلىق مەبلەغ سېلىش، سۇلياۋ يۇپۇقلۇق قىزىلچا، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق يۇقىرى شېكەرلىك قىزىلچا يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، بىرلىك مەھسۇلاتنى، شېكەر تەركىبىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

5 . قۇرۇق، ھۆل مېۋە تۈرلىرى : سۈپەتلىك ئالما، مەسىلەن، فۇشى تۈرلىرىنىڭ بازىرى ياخشى، باھاسىمۇ مۇۋاپىق، نۆۋەتتە باشقا ئۆلكىلەردىن كۆپلەپ كىرگۈزۈلمەكتە. ناچار باغلارنى ئۆزگەرتىشنى ۋە يېڭى باغلارنىڭ باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ بازار ئېھتىياجى بىلەن ماسلاشتۇرۇش كېرەك. نەشپۈتنى ئىلمىي باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئەلا سورتلۇق ھۆل ئۈزۈم تۈرلىرى بىر قەدەر كەمچىل، ھەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا بازىرى كەڭ، باھاسىمۇ مۇۋاپىق. ئۈزۈم كۆچەتلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ كۆچەتنى تېزدىن كۆپەيتىپ، سۈپەتلىك ھۆل ئۈزۈم سورتىنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىش كېرەك. چوڭ چىلان، بادام، پىستە قاتارلىقلارنىڭ مال مەنبەسى قىس، باھاسى يۇقىرى، شۇڭا كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، بازار ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش كېرەك.

6 . تاۋۇز، قوغۇن : بازار قانۇنىيىتى بويىچە، رايونلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەبىئىي ئەۋزەللىكىگە ئاساسەن بالدۇر پىشىدىغان، ياز پەسلى پىشىدىغان، كەنجە پىشىدىغان سورتلارنى تېرىپ، بازارنى تەمىنلەش ۋاقتىنى ئۇزارتىش كېرەك. تۇرپان، پىچان، قۇمۇلدا سۇلياۋ يۇپۇق ئۈستىگە يايقۇچ يېپىش ( قوش يوپۇقلۇق ) ئۇسۇلىنى قوللىنىپ قوغۇن يېتىشتۈرۈپ، بازارغا بالدۇر سېلىپ بىر قەدەر ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. شىمالىي شىنجاڭنىڭ قوغۇنى ياز

پەسلى پىششىنى ئاساس قىلىدۇ . مۇھىمى تاۋۇز ، قوغۇننىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە كۆچ چىقىرىپ ، شىنجاڭنىڭ تاۋۇز ، قوغۇننىڭ تاۋار ئەۋزەللىكىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك .

7 . پەمىدۇر شىرنىسى : ھەر قايسى رايونلارنىڭ ئىنكاس قىلىشىغا قارىغاندا . ئۆتكەن يىلىنىڭ پەمىدۇر شىرنىسى مەھسۇلاتى بىلەن سېتىلىش ئەھۋالى ئاساسەن تەڭلىشىپ ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يامان ئەمەس بولغان . پەمىدۇر شىرنىسىنىڭ بازىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن ، بىر قىسىم كىچىك سۈلياۋ خالتىغا قاچىلانغان پەمىدۇر شىرنىسىنى ئىشلەپچىقىرىشنى تەتقىق قىلىش كېرەك . بۇنىڭ تەننەرخى تۆۋەن ، ئىشلىتىشكە قولايلىق ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا مۇۋاپىق . يەنە پەمىدۇر شىرنىسىنىڭ باشقا تۈرلىرىنىمۇ تەتقىق قىلىپ ئېچىش كېرەك . مەسىلەن ، پەمىدۇر پاراشوكى ، شەربىتى ، شىرنىسى مېۋىسى ، ئىچىملىكى قاتارلىقلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق قىممىتىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ ، پەمىدۇر سانائىتىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك .

8 . ئالقات : مەملىكىتىمىزدىكى ئاساسلىق دورا بازارلىرىنىڭ ئۇچۇرىغا قارىغاندا ، نۆۋەتتە ئەلا سۈپەتلىك ئالقات ئاز . باھاسى يۇقىرى ، بازىرى ناھايىتى ئىتتىك ئىكەن . نىڭشيانىڭ بەرىنچى دەرىجىلىك ئالقاتىنىڭ ھەر بىر كىلوگرامى 30 يۈەندىن ئاشىدىكەن . خېبېينىڭ ئادەتتىكى ئالقاتىنىڭ ھەر بىر كىلوگرامى 14 ـ 20 يۈەن ئەتراپىدا ئىكەن . بازار ئېھتىياجىنى تەتقىق قىلغاندا شىنجاڭنىڭ ئالقاتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نۇقتىسىنى جىڭ ناھىيىسى مەھسۇلات رايونىغا قويۇش كېرەك . ئۆز رايونىنىڭ ئالاھىدە تەبىئىي ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇپ ، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ ، ئەلا سۈپەتلىك ئالقاتنى ئېچىشنى چىڭ تۇتۇپ ، سورت تاللاش ، تېخنىكىلىق يېتىشتۈرۈش ، يىغىش ، قۇرۇتۇش ، تاللاپ پىششىقلاپ ئىشلەش ، قاچىلاش ، ئوراشتىن باشلاپ داغلىق مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك .

9 . گازىر تاۋۇزى : چوڭ تاۋۇز گازىرىنىڭ باھاسى يۇقىرى ، بازىرى ئىتتىك . شىنجاڭ ئەلا سورتلۇق گازىر تاۋۇزىنى كىرگۈزۈپ ، ئۇنى ئىشلەپچىقىرىپ ، پىششىقلاپ ئىشلىگەندىلا بىر قەدەر ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ .

شازادەم (ت)

# قورغاس- يەركەنت ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنى قۇرۇشنىڭ ئىستىقبالى

## ( قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى زۇڭتۇڭ ستراتېگىيىسى تەتقىقات ئورنى )

دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە بولۇپمۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە ، ئېچىۋېتىلگەن ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى يۈرگۈزگەنلىكتىن ، ئىقتىساد بىر پۈتۈن گەۋدىلەشكەن ھالدا دۇنيا ئىقتىسادىي سىستېمىسىغا كىرىپ ، تاشقى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە رايون خاراكتېرلىك ئالاھىدە شەكىل تېخىمۇ كۆپ تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى . مەسىلەن ، ئەركىن ئىقتىسادىي رايون ، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى مۇكەممەللىشىشكە يۈزلەندۈردى ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىنىڭ سانائەت تېخنىكا سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتەردى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تۈجۈپلەشكەن

تاۋارلار ئېكسپورتىنى ياخشىلىدى .

شۇڭلاشقا ، تەبىئىي ۋە زامانىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بىر ئوي - پىكىر بارلىققا كەلدى : قازاقىستان - جۇڭگو چېگرىسى تۇتاشقان رايوندا ، تاشقى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى جانلاندۇرۇپ ، قامال قىلىشنى يېڭىپ ، چەت ئەللەرنىڭ مەبلەغىنى جەلپ قىلىش ۋە ئېكسپورت يوشۇرۇن كۈچىنى كېڭەيتىش قاتارلىق زۆرۈر شەرتلەر ئاستىدا ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قۇرۇش . بۇ بىر مۇشكۇل ، مۇرەككەپ ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك جەريان بولۇپ ، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ۋەزىيەتۇر . بۇنىڭغا قاتناشقان ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ 5 - 7 يىللىقچە زور مىقداردىكى مەبلەغنى توپلىشىغا سەۋرچانلىق ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن خىزمەت ئىشلىشىگە توغرا كېلىدۇ . يۇقىرىقى مەسىلىلەرنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان تەدبىرلەرنىڭ كۆپ خىللىقى ، كۆپ لايىھىلىكلىكى ھەمدە ئۆزئارا زىددىيەتلىكلىكى ، ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قۇرۇش ۋە ئۇنىڭ رولى لايىھەسىنى ئەستايىدىل تاللاشنىڭ مۇھىم پرىنسىپىنى بەلگىلىدى . مۇشۇ پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلغاندا ، ئىككى دۆلەتنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگانلىرىنى خاتالىق ۋە زىيانلاردىن زور دەرىجىدە ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ .

ئەركىن ئىقتىسادىي رايون تەشكىللەشنىڭ ئەڭ مۇھىم پرىنسىپىنىڭ بىرى — ئۇ دۇنيا ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى بىلەن بىر گەۋدىلىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ ، قازاقىستان بىلەن جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا يىراق كەلگۈسىگە ئېگە . قازاقىستان بىلەن جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرىسى تۇتاشقان رايوندا ئىچكى قۇرۇلۇق ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قۇرۇشقا قىزىقىدۇ . پۈتۈن دۇنيا بويىچە ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قۇرۇش ئەمەلىيىتىدە مۇنداق ئۈلگە تېخنىكا كۆ-

رولۇپ باقمىغان .

**قورغاس - يەركەنت ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قۇرۇشنىڭ ئاساسىي مەقسىدى**

قازاقىستان - جۇڭگو ئىقتىسادىي سودا رايونى ، چېگرا سىزىقىدىكى قورغاس چېگرا تەكشۈرۈش رايونىدا بولۇپ ، قورغاس دەرياسى چوڭ كۆۋرۈكنىڭ جەنۇب ۋە شىمال تەرىپىگە جايلاشقان . بۇ رايوننىڭ يەر كۆلىمى 2 مىليون 600 مىڭ كۋادرات مېتر ، قازاقىستان ۋە جۇڭگو ھەر قايسىنىڭ چېگرا ئىچىدە 1 مىليون 300 مىڭ كۋادرات مېترنى ئىگىلەيدۇ .

قورغاس — يەركەنت ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنىڭ رولى كۆپ تەرەپلىملىك بولۇپ ، ئالدى بىلەن دۇنيا ئىقتىسادىي سىستېمىسى ۋە باراۋەرلىكتە ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىشىشنىڭ بىر گەۋدىلەشكەن ئىشلەپچىقىرىشىغا ياخشى تەسىر كۆرسىتىدۇ . بۇ تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ :

يېڭى تېخنىكا ، پاتېنت نەتىجىلىرى ، باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ ؛

بىلىملەرنى توپلاش ۋە يۇقىرى ساپالىق كادىرلارنى يېتىشتۈرىدىغان تەربىيىلەش مەركىزى بولۇپ ، تەربىيىلىنىپ چىققان خادىملار قازاقىستان كارخانىلىرىدا خىزمەتلەرنى ئۆگۈشلۇق ئېلىپ بارالايدۇ ؛

سىناق بازىسىنىڭ فونكسىيىسىنى ، ساقلاش ئۇسكۇنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل ماشىنىلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان رايون خاراكتېرلىك سىناقلارغا ئىشلىتىشنى تاماملايدۇ ؛

چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىش ۋە دۆلەت ئىچى مەبلەغ سېلىش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ ، مەبلەغنىڭ چەت ئەللەرگە ئېقىپ كېتىشىنى توساپ ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشىدۇ ؛

جانلىق يېڭى تېپتىكى مۇلازىمەت بازارلىرى بارلىققا كېلىدۇ ( ئۇچۇر ، ئالاقىلىشىش ، سېتىش ، ئوقۇتۇش ، پاتېنت ئىجازەتنامىسى ، ئېلان ، مەتبۇئات ، مەسلىھەت سوراش ، ئىجارىگە ئېلىش ، پۇل مۇئامىلە ، ۋاستە قاتارلىق مۇلازىمەتلەر ) ، يۇقىرىقى مۇلازىمەت بازارلىرى ، يۇقىرى ۋە يېڭى تېخنىكا ئاساسىدا ، ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندىكى ھەر قايسى ئىقتىسادىي سىستېمىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ .

شۇڭلاشقا ، قازاقىستان ۋە جۇڭگونىڭ ئۆزئارا ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئېتىبار قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ :

ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى، دۆلەت مەنپەئەتى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلگە ئاشقان جۇڭگونىڭ سانائەتلىشىشى تەرەققىي تاپقان ئۆلكە ۋە شەھەرلىرىگە قاراپ بۇرۇلىدۇ، جۇڭگونىڭ سۈپەتلىك تاۋار بازارلىرىغا يۈزلىنىدۇ؛ جۇڭگو قازاقىستان ئىككى دۆلەت تاۋارلىرىنىڭ خەلقئارالىق ھايانكەشلىك سودىسىنىڭ دائىرىسى كىچىكلەيدۇ ؛ ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ، قازاقىستاندا ھەم جۇڭگودا قۇرۇلغان چوڭ تىپتىكى ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك مەبلەغ قوشقان كارخانىلارغا يۆتكىلىدۇ .

جۇڭگو چېگرىسىدا ئىككى ئەركىن ئىقتىسادىي رايون ( يەركەنت ئەركىن ئىقتىسادىي رايونى ، ئالاكۆل ئەركىن ئىقتىسادىي رايونى ) ۋە بىر مال ئۆتكۈزۈش رايونى ( « تالدىقورغان تاشقى سودا مال ئۆتكۈزۈش رايونى » ) تەسىس قىلىشنى نەزەردە تۇتقاندا ، بۇلارنىڭ ھەممىسى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى تالدىقورغان ئوبلاستىغا جايلاشقان ، شۇڭلاشقا جۇڭگونىڭ چوڭ تىپتىكى بىرلەشمە كارخانا ۋە شىركەتلىرىنىڭ بۇنى راۋاجلاندۇرۇشقا قاتنىشىشى ئىنتايىن زۆرۈر . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئۇلارنى جۇڭگونىڭ ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنىڭ مەسلىھەتى ۋە ياردىمىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ . شۇ جايىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىساد ۋە تەبىئىي كىلىمات شارائىتىغا ئاساسلانغاندا ، بۇ ئوبلاستنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلما ئۆزگىرىشىنى تۆۋەندىكى ئالدى بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش نىشانى بويىچە بەلگىلەش كېرەك :

يېنىك سانائەت ۋە يېمەكلىك سانائىتىنى ، رەڭلىك مېتال تاۋلاش ۋە پىششىقلاش سانائىتى ھەمدە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ؛ زامانىۋىي قاتناش ترانسپورت ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ ، يېزا – ئىگىلىك ، سانائەت بىرلەشمە گەۋدىسى ۋە قېزىش ئورۇنلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا يېڭى تېخنىكاۋە يېڭى ھۈنەر – سەنئەتنى ئومۇملاشتۇرۇش ؛ تېكىلى قوغۇشۇن – يېنىك بىرلەشمە كارخانىسىنى قۇرۇش ، لىمون كىسلاتا زاۋۇتى ۋە ئۇن زاۋۇتىنى قۇرۇش ؛ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى كۆپەيتىش ؛ دىرۇژبا پونكىتىنىڭ مال ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ، دىرۇژبا – ئاقتوقاي – موينتىي رايون ئارا تۆمۈر يولىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىقلار .

جۇڭگو تەرەپنىڭ كۆز قارىشى: جۇڭگو – قازاقىستان چېگرا رايونىدا ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى بار ، بۇ ئەركىن ئىقتىسادىي رايون ئاسىيا – ياۋرۇپا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ . ئۇ ، ئۈرۈمچى ، ئالمۇتا ۋە ئاقتوقاينى يۇقىرى نۇقتا قىلغان چوڭ ئۈچ بۇرجەك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ ئىقتىسادىي ئۈچ بۇرجەك رايون شەرقتە جۇڭگونىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى ئىقتىسادىي رايونلارغا ، شىمالدا روسىيە ، جەنۇبتا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە تۇتىشىدۇ .

قورغاس – يەركەنت ئەركىن ئىقتىسادىي

رايونى ، قازاقىستان ۋە جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە . ئىلى دەرياسىنىڭ قازاقىستان ۋە جۇڭگو تېررىتورىيىسىگە تەۋە ۋادىلىرى ، مۆلچەرلەپ باھالاشقا ئاساسلانغاندا ، زور مىقداردىكى نېفىت ۋە تەبىئىي گاز زاپاسىغا ئىگە ئىكەن . بۇ يەردە ، مۇشۇ بايلىقلارنى بىرلىكتە ئېچىپ ئورتاق قۇرۇش ئۈچۈن ، نېفىت گازىنى ئېكسپورت قىلىشقا ئىشلىتىدىغان تۇرۇبىلارنى قۇرۇش ئىنتايىن مۇۋاپىق كېلىدۇ . بۇ ئەركىن ئىقتىسادىي رايون ، چەت ئەللەرنىڭ مەبلەغ سېلىش ۋە غەربنىڭ تېخنىكا ۋە ھۈنەر - سەنئىتىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئوبيېكتى بولۇشى كېرەك .

قورغاس - يەركەنت ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنىڭ ئۇنۇملۇك ئايلىنىشىغا قارىتا ئېيتقاندا ، ئاسىيا ۋە ياۋروپا ئاسىيا تۆمۈر يول لىنىيىسىنى كېسىپ ئۆتكۈزۈش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە . جۇڭگو ۋە قازاقىستان ئوتتۇرىسىدىكى ئالاتاۋ ئېغىزى - دىروژبا تۆمۈر يول تۇتاش يولىنى ئىشلىتىشكە باشلىشى ، ئاسىيا ۋە ياۋروپا تۆمۈر يول لىنىيىسىنى كېسىشتۇرۇپ قۇرۇش ئېھتىماللىقىنى ياراتتى . بۇ ئىككى غول يول ئەڭ قىسقا مۇساپە بىلەن ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرق ۋە غەربىنى ھەمدە ياۋروپانى ئۇلاشتۇرۇۋېتىدۇ .

**قازاقىستان ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنىڭ ئايلىنىش تەرتىپىگە قويۇلغان تەلەپلەر**

ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا ، قانۇن بويىچە ئىقتىسادىي ۋە مەمۇرىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئالاھىدە شەكىلدىكى تىجارەتنى يۈرگۈزىدۇ . ئالاھىدە شەكىل دېگىنىمىز ، مەخسۇس باج يىغىش، تاموژنا ، تاشقى سودا ، تاشقى پېرېۋوت ، كرېدىت ، ئەمگەك مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار بولۇپ ، دۆلەتنىڭ ھەر بىر ئەركىن ئىقتىسادىي رايونغا يۈرگۈزىدىغان كونترول قىلىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت . بۇ ، دۆلەتنىڭ ئوخشىمىغان تۈرلەر ۋە دائىرىلەرگە ئېتىبار بەرگەنلىكىدۇر .

رەسمىي ئېلان قىلىنغان ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنىڭ دائىرىسى بەزىبىر پاسسىپ ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن . مەسىلەن ، قانۇنسىز ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر راۋاجلىنىپ كېتىشى ، باشقا رايونلاردىن كېلىدىغان بايلىقلارنىڭ نامۇۋاپىق ھالدا يۆتكىلىپ كېتىشىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى قاتارلىقلار .

مۇشۇ مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ ، ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنىڭ ئايلىنىش تەرتىپىگە قارىتا تۆۋەندىكى تەلەپلەر بېكىتىلدى :

باج يىغىش تۈزۈمى ؛ مالىيە ، خام چوت تۈزۈمى ؛ كرېدىت ، پۇل تۈزۈمى ؛ تاشقى پېرېۋوت تۈزۈمى ؛ تاموژنا تۈزۈمى ؛ خۇسۇسىيلىشىش جەريانى ۋە مۇلۇكچىلىك تۈزۈم شەكلى تۈزۈمى ؛ ئەمگەك مۇناسىۋىتى تۈزۈمى ؛ ئېكولوگىيە تۈزۈمى ؛ دۆلەت بىخەتەرلىك تۈزۈمى ؛ باشقۇرۇش ؛ ھوقۇق تۈزۈمى قاتارلىقلار .

**ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنىڭ قائىدىلىرىنى قۇرۇش**

ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنى قۇرۇش جەريانى ، زور مىقداردىكى تەييارلىق خىزمەتلىرىدىن باشلانغان . تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەش ۋاقتىدا ، ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنى تەشكىللەشنىڭ بارلىق ئۇقۇم مەسىلىلىرىنى ئالدى بىلەن ئەستايىدىل تەتقىق قىلدى . بۇنىڭ ئىچىدە ، بۇ رايونىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى ۋە شارائىتلىرىنىڭ بارلىقىنى تەتقىق قىلىشتا ، ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قۇرۇشقا قارىتا پايدىلىق ۋە پايدىسىز بولغان ئالاھىدىلىك ۋە شارائىتلار ، ئۇنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ، تەبىئىي بايلىقى ۋە ئەمگەك كۈچى بايلىقىدىن پايدىلىنىش ئېھتىمالى ، مەبلەغ سېلىشنىڭ ئۇنۇملۇك ئورنىنى بېكىتىش ، ئۆزئارا پايدىلىق بولغان ئىقتىسادىي

ھەمكارلىشىشنىڭ نىشانىنى تاللاش قاتارلىقلار بار.

ئەڭ مۇھىم خىزمەت، كەلگۈسىدىكى ئىقتىسادىي شېرىك ۋە ھەمكارلىشىش تۈرلىرىنى تاللاش، كەسپىي ھەمكارلىشىش پىكرى توغرىسىدا پائال سۆھبەتلىشىش، ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ ئاليلىنىش شارائىتى ۋە تۈزۈملىرىنى ھەممە ئۇنىڭ ئورنى، نىشان ۋەزىپە، ئەڭ ياخشى شەكلى، چېگرىسى قاتارلىقلارنى بېكىتىشتۇر.

**ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قۇرۇشنىڭ تەكلىپلىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە**

1. ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكى، مەقسىتى ۋە ۋەزىپىلىرى؛

2. ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ ئاليلىنىش ئۈنۈمى، تۈرى، سانائەت ساھەسىنىڭ يۆنىلىشى، ھازىر بار بولغان يەرلىك شارائىتقا ئاساسەن تۆۋەندىكى ئامىللار نەزەردە تۇتۇلىدۇ:

چەت ئەللىك ھەمكارلاشقۇچىلار بىلەن خەت - ئالاقە مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى، ئۆز جايىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش يوشۇرۇن كۈچى ياكى قىزىقىدىغان ئېھتىماللىقى بولغان ھەمكارلاشقۇچىلار؛ دۇنيا بازارلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان (قاتناش، خەت - ئالاقە) ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي ئەسلىھەلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى؛ ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ تەشكىلى، ئىقتىسادىي قۇرۇلما ئاساسىنىڭ شەكىللىنىش ئېھتىماللىقى؛ ئەمگەك كۈچلىرىگە كاپالەتلىك قىلىش دەرىجىسى، تەرەققىي قىلغان جەمئىيەت، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى ۋە ئولتۇراق ئۆي بايلىقى.

3. ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش باسقۇچى، زۆرۈر بولغان مەبلەغ سېلىش كۆلىمى ۋە مەبلەغ كېلىش مەنبەسى؛

4. ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ كونكرېت چېگرا سىزىقىنىڭ بېكىتىلىشى؛

5. ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننى باشقۇرۇشنىڭ تەشكىلى ئاپپاراتى ۋە ئۇلار بىلەن ھەر قايسى ئوبلاست، ھەر قايسى جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت؛

6. ئەركىن ئىقتىسادىي رايون ئىچىدىكى ھەر قايسى كارخانىلار بىلەن رايون سىرتىدىكى كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى تىجارەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەرتىپى؛

7. ئەركىن ئىقتىسادىي رايون تىجارەت پائالىيىتى يۆنىلىشىنىڭ سېتىش پىلانى، ئاساسلىق تاۋارلىرى، خام ئەشيا بازىرى ۋە كاپىتال بازىرى؛

8. سىرتقى بازارلارنىڭ ئۇچۇر - ئېلان شىركىتى پىلانى؛

9. باھا پرىنسىپىنى بېكىتىش، باج يېغىش، تاشقى پېرېۋوت، پۇل مۇئامىلە تۈزۈمى، تاموژنىنى كونترول قىلىش، چېگرىدىن كىرىپ - چىقىش رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەر توغرىسىدىكى تەكلىپلەر.

ئىقتىسادىي تېخنىكىنىڭ مۇمكىنچىلىك ئىسپات ماتېرىياللىرى، قاتناشقۇچىنىڭ يەرلىك خام ئەشيالاردىن، زاپچاس ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىدىن قانداق پايدىلانغانلىقى ھەققىدىكى زۆرۈر ئۇچۇرلار، چەت ئەللىك ھەمكارلاشقۇچىلارنىڭ تاۋارلارنىڭ قوشۇمچە قىممىتىگە نىسبەتەن ئەڭ تۆۋەن چەككە كاپالەتلىك قىلىشقا باھا ھەممە تەمىنلىگەن ئېتىبار بېرىش ۋە پايدىنى بۆلۈش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىقتىسادىي تېخنىكىسى مۇمكىنچىلىك ئىسپات دوكلاتىنى، ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندىكى تەشەببۇسكارلارنىڭ پىكرىگە بىنائەن، ئىلمىي تەتقىقات ياكى لايىھەلەش ئورگانلىرى يېزىپ چىقسا بولىدۇ. ھەر خىل تۈردىكى تەك-

لىپ ۋە ئىقتىسادىي تېخنىكا مۇمكىنچىلىك ئىسپات دوكلاتىنى تۈزۈشنىڭ مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىگە، ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغانلار كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قۇرۇش تەشەببۇسكارلىرىنىڭ ئۆزلىرى تەييارلىغان ھەر تۈرلۈك ھۆججەتلىرى، سانائەت ۋە سودا مىنىسترلىكى، دۆلەتلىك باج تەكشۈرۈش ئورگانلىرى، دۆلەت بانكىسى، مالىيە مىنىسترلىكى، تاموژنا تەكشۈرۈش باش ئىدارىسى، ئېكولوگىيىلىك ۋە بىئولوگىيىلىك بايلىقلار مىنىسترلىكى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ تەستىقى بولۇشى ھەمدە ئۇنى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىقتىساد مىنىسترلىكىگە يوللىشى كېرەك.

ئىقتىساد مىنىسترلىكى چەت ئەل ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ تېخنىكىسىنى باھالاپ بېكىتىشكە تەشكىللەيدۇ ھەمدە ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قۇرۇش ۋە قانۇنىي ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك قارار لايىھىسى، ھۆكۈمەتنىڭ ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قۇرۇش توغرىسىدىكى قارار لايىھىسىنى تەييارلايدۇ.

دەسلەپكى قۇرۇلغان قورغاس - يەركەنت ئەركىن ئىقتىسادىي رايونىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئايلىنىشى ئۈچۈن، قازاقىستان ۋە جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ قانۇنىي رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە ماقۇل بولۇشىنىڭ رولى ئىنتايىن زۆرۈر. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ ئەركىن ئىقتىسادىي رايونغا مەخسۇس قانۇن بېكىتىش ۋە قازاقىستان - جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھوقۇقلۇق ئورگىنى تەستىقلىشى كېرەك.

چېگرا ئەركىن سودا رايونى قۇرۇش ۋە قازاقىستان - جۇڭگو ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتكەن پرىنسىپلىق كېلىشىم توغرىسىدا 1992 - يىلى 11 - ئايدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تاشقى ئىشلار مىنىسترلىكىنىڭ مىنىسترى قازاقىستاننى زىيارەت قىلغان مەزگىلدە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە پۈتۈشكەن.

## قازاقىستان دۆلەت پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئىسلاھاتى

1996 - يىلى 6 - ئايدا قازاقىستان دۆلەت پەنلەر ئاكادېمىيىسى قۇرۇلغانلىقىغا 50 يىل بولدى، بۇ 50 يىلدىن بۇيان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتتى. دۆلەت پەنلەر ئاكادېمىيىسى روسىيە ئالىملىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە بىۋاسىتە قاتنىشىشى ئارقىسىدا قۇرۇلۇپ تەرەققىي قىلغان. ھازىر بۇ ئاكادېمىيە شەرقتىكى بىر قەدەر چوڭ تەتقىقات مەركىزىگە ئايلاندى. ئۇ ناھايىتى كۈچلۈك تېخنىكا كۈچى ۋە مۇئەييەن زامانىۋى تەتقىقات ئۇسۇلىغا ئىگە بولۇپلا قالماي يەنە كەسپىي سەۋىيىسى يۇقىرى بولغان پەن - تېخنىكا قوشۇنى ۋە تەرەققىي قىلغان پەن - تېخنىكا ئورگانلىرى تورى بار. پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەشكىلىي شەكلى، ئاساسلىق پەن - تېخنىكا كۈچلىرىنىڭ مەركەزلىشىشىگە ۋە نەزەرىيىلىك بىلىملەردىن ھالقىغان تەتقىقاتنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

قازاقىستان پەن - تېخنىكا مەركىزىنىڭ پەقەت تېخنىكا جەھەتتىلا ئالاھىدە ئىقتىدارى بولۇپ قالماي، بەلكى ئۇلار تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە ۋاسىتىسىنى ئىگىلىگەن، بەزى كونكرېت تەتقى-

ئىقات ئۇسۇلىنى بىر قىسىم تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئانچە پەرقلەنمەيدۇ، ئىلغار پەن - تېخنىكا ئاساسىي ئەسلىھەلىرى، دۇنيادىكى ئىلغار دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. 1994 - ۋە 1995 - يىللىرى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى تەكشۈرگۈچى خادىملار ئىككى قېتىم قازاقىستانغا كېلىپ، قازاقىستاننىڭ دۆلەت پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى پەن تەتقىقات ئورگانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن كۆزدىن كۆچۈردى ھەم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا تەپسىلىي دوكلات يېزىپ سۇندى. ئۇلار قازاقىستان دۆلەت پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، بۇ پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، بەلكى قازاقىستانى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر قاتارىغا كىرگۈزىدۇ، دېدى؛ پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى بارلىق پەن - تېخنىكىلار قازاقىستاننىڭ مۇھىم بايلىقى بولۇپ، ئۇ قازاقىستاننىڭ بۇندىن كېيىنكى 10 يىلدا تەرەققىي قىلىشىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى تەكشۈرگۈچى خادىملار 23 خىل يېڭى تېخنىكىنى تاللاپ بەزى دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ئىشلىتىشىگە بەردى، بۇ تېخنىكا تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى «ھەمكارلىشىش شېرىكى» نى تاپتى ۋە ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن قازاقىستان دۆلەت پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تېخنىكا تەتقىقاتلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشچانلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ۋە جەمئىيەتكە ئاكتىپ ماسلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

قازاقىستان مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن بىرىنچى يىلى، پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى ئالىملار مۇستەقىل دۆلەتنىڭ قېلىپلىشىش خاراكتېرىدىكى بارلىق مۇھىم ھۆججەتلىرىنى (بىرىنچى قىسىم ئاساسىي قانۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تەييارلىدى، شۇنداقلا جۇمھۇرىيەتنىڭ دېموكراتىك ئىسلاھات قېلىپىنى ۋە مۇلاھىزىلىرىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى ھەر قايسى ئالىملار ھۆكۈمەت ۋە دۆلەتنىڭ باشقا ئورگانلىرىغا ئۈزلۈكسىز تەكلىپ پىكىرلەرنى بېرىپ، دۆلەتنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي كىرىزىستىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىقىنى كۆرسەتتى. كەسكىن ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشكە تەييارلىق كۆرۈش ۋە زۇڭتۇڭ نازارباييېۋنىڭ يېڭى قاراشلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن قوللاش ئۈچۈن، پەن - تېخنىكا ساھەسىدىكى باشلامچىلار مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي تەكلىپ ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىساد ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش قاراشلىرى قاتارلىق مۇلاھىزىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. دۇنيادىكى ئىلغار دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى قازاقىستان دۆلەت پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ئوخشاش دۇنيا، تەبىئەت ۋە كەلگۈسىگە نىسبەتەن چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلەيدىغان، پرىنسىپلىق كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىلار توپلاشقان مەركەز بولۇشىنى ۋە بۇ يوشۇرۇن بايلىقتىن پايدىلىنىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، قازاقىستان دۆلەت پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىچكى قىسىمدا تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە ماسلىشىش كۈچىنى كۈچەيتىپلا قالماي، يەنە دۆلەت ئىچىدىكى تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈردى. پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆز تارمىقىدىكى ھەر قايسى پەن تەتقىقات ئورگانلىرى ۋە خىزمەتچى خادىملارنى تاللىدى. تەتقىق قىلىنىدىغان تېمىلارنى قايتا تەپسىلىي باھالاپ بېكىتىپ، دۇنياۋىي سەۋىيىگە ئىگە ۋە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە دۆلەتكە پايدا ئېلىپ كېلىدىغان تۈرلەرنى

ساقلاپ قالدى .

پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى خىزمەتچى خادىملار 1991 - يىلىدىكى 10 مىڭ 175 كىشىدىن قىسقارتىلىپ 1996 - يىلىنىڭ بېشىدا 5 مىڭ 770 كىشى قالدى . يېقىنقى ئىككى يىلدا ، 507 ئالىي ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى ۋە پەن تەتقىقات تارماقلىرىدىن 240 ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى . تەتقىقات تېمىسى 539 دىن قىسقارتىلىپ 210 قالدى . چەكلىك ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ ئەڭ جىددىي بولغان پەن تەتقىقات تېمىلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈلدى . دۆلەتنىڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە بېرىدىغان پۇلنىڭ يېرىمى قىسقارتىلغانلىقتىن ، تۆۋەن سەۋىيىدىكى مائاش تۈپەيلىدىن نۇرغۇنلىغان ياش ئالىملار پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتتى . تالانت ئىگىلىرىنىڭ سىرتقا ئېقىشى ئېغىر بولدى . شۇڭا بۇ ئەھۋالغا نىسبەتەن دۆلەت تەدبىر قوللاندى . تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ پېنسىيە يېشىغا بېرىپ قالغان باشلىقلىرىنى رەھبەرلىك ئورنىدىن ئايرىپ ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ياش ، زېھنى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى تەيىنلىدى ، ئىش ھەققى توختام تۈزۈمى بويىچە بېرىلدى ، بۇ ئۇسۇل قوللىنىلغاندىن كېيىن ئەڭ تەقسىماتچىلىق يوقىتىلىپ ، تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە كادىرلار ساقلاپ قېلىندى ، شۇڭا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە كادىرلارنىڭ سىرتقا ئېقىشى بىر قەدەر ئاز بولدى ، بەزى كەسپىي خادىملار تولۇقلاندى .

قازاقىستان دۆلەت پەنلەر ئاكادېمىيىسى تېخنىكا تۈرلىرى جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىقتى ، بۇنىڭدىكى 184 تۈر سانائەت سىنىقىغا ئىشلىتىشكە تەييارلانغان تېخنىكا بولۇپ ، پەنلەر ئاكادېمىيىسى بۇ تۈرلەرنى ھۆكۈمەت ، سودا بانكىسى ، كارخانىچىلار ، ھەسسىدارلىق شىركەت ۋە پايىنى تىزگىنلىگۈچىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ ، كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش يىغىنلىرىنى تەشكىللەپ ، بۇنىڭغا ھەر قايسى مىنىستىر ، كومىتېت ، كارخانا ۋا سودا ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىدۇ . پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەمىنلىگەن نۇرغۇنلىغان تېخنىكا تۈرلىرى چەت ئەللەرنىڭ سەۋىيىسىدىن تۆۋەن ئەمەس ، ھەتتا بەزىلىرى چەت ئەللەرنىڭكىدىنمۇ ئالدىنقى سەۋىيىدە تۇرىدۇ . لېكىن ، ئەپسۇسلىنارلىقى ، قازاقىستاندا بۇ پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى تېزلىك بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرىدىغان ئۈنۈملۈك سىياسەت يوق ، شۇڭا بۇ تېخنىكىلار ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ . بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ، پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەقەت ئۆز كۈچىگە تايىنىپ پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تاۋارلاشتۇرۇپ بەزى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى . مەسىلەن : 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرى بوتانىكا ، خىمىيە تەتقىقات ئاكادېمىيىسى ئۆسمىگە تاقابىلچانلىقى يۇقىرى بولغان بىر خىل دورىنى تەتقىق قىلىپ چىقىپ ، شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىپ سېتىشقا باشلىدى . ئامېرىكىدىكى داۋالاش ئورۇنلىرى بۇ خىل دورىنى زور تۈركۈمدە زاكاز قىلدى . 1996 - يىلى بۇ دورىدىن كىرگەن ساپ كىرىم 2 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى . پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار ھەمكارلىشىپ داۋالاش ، ساقلىقنى ساقلاش بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش گەۋدىسىدىن ئىككىنى ۋە تۆت كىچىك كارخانىنى قۇردى ، بۇلارنىڭ ھەممىسى پايدا - زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇش ، ئۆزى مەبلەغ تەييارلاش ئاساسىدا تىجارەت ئېلىپ بارىدۇ ، ھازىر بۇ كارخانىلار مۇئەييەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتتى . تۈرلەردە ھەمكارلىشىش جەھەتتە ، قازاقىستان دۆلەت پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتتىق تالىلاش ئاساسىدا پەن تەتقىقات تۈرلىرىگە مەبلەغ سېلىشنى ئېلىپ بارىدۇ، پەقەت يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيانلا بۇ پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى پەن

- تېخنىكا خادىملىرى چەت ئەللەردىن 3 مىليون
200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى كېلىدىغان ھەمكار-
لىشىش فوندىغا ئېرىشتى .

قازاقىستان دۆلەت پەنلەر ئاكادېمى-
يىسىنىڭ ئومۇمىي يىلانىي تېخنىكىغا تا-
يىنىپ سانائەت كارخانىلىرى بىلەن بىرلە-
شىپ ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن بىۋاستە مۇلازى-
مەت قىلىش ، پەن - تېخنىكىنى تاۋارلاشتۇرۇپ
شۇ ئاساستا ، يېقىنقى 3 - 4 يىل ئىچىدە ، خېلى
كۆپ پەن تەتقىقات مەبلىغىگە ئېرىشىشتىن ئىبا-
رەت . پەنلەر ئاكادېمىيىسى ھازىر قىيىن ئەھۋال-
دىن قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدەپ ، بازار ئىقتىسادىغا
ئاكتىپلىق بىلەن ماسلىشىشقا ، جەڭ ئېلان
قىلىشقا قارىتا تەييارلىق قىلماقتا .

# روسىيە ئىقتىساد - سودا ساھەسىنىڭ ئىسلاھات ئەھۋالى

ئىسلاھات داۋامىدا ، روسىيە ئىجتىمائىي
ئىگىلىك ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشى سودىغا كاپالەت-
لىك قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى جىددىي
تەلەپ قىلغان . روسىيە مەمۇرىي جەھەتتە باش-
قۇرۇش ، تەقسىمات تۈزۈلمىسىنى بۇزۇپ تاشلى-
غان بولسىمۇ ، ئەمما ئۈنۈملۈك مېخانىزم بەرپا قى-
لىش ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئار-
زۇسىنى ۋە تەلىپىنى قاندۇرالمىغان . بازار ئىقتى-
سادىي تۈزۈلمىسىدىمۇ پەقەت دەسلەپكى قەدەم
تاشلانغان . زۇڭتۇڭ ئىمزا قويۇپ تارقاتقان
« سودىدا ئەركىن بولۇش » ۋە « روسىيە فې-
دېراتسىيىسى سودا كارخانىلىرىنىڭ پائالىيىتىنى
سودىلاشتۇرۇش » بۇيرۇقى روسىيىنىڭ ھەر
قايسى تارماقلىرىنىڭ ئورگان ئىسلاھاتىدىكى قا-
نۇنىي ئاساسى . زۇڭتۇڭ بۇيرۇقىنىڭ يولغا قويۇ-
لىشىغا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن ، روسىيە سودا
كومىتېتى مەخسۇس تىجارەتكە قارشى تۇرۇش ۋە
رىقابەتلىشىشكە ئىلھاملاندۇرۇش ھەققىدە پ-
روگراما تۈزۈپ چىققان .

نۆۋەتتە ، تەخمىنەن 80% سودا كارخانى-
لىرى ۋە ئاممىۋىي يېمەك - ئىچمەك سانائىتى
خۇسۇسىيلاشقان . غەيرىي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى
تارماقلارنىڭ سودا نورما نىسبىتى 86% كە يەت-
كەن . خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنىڭ بىرىنچى باس-
قۇچى ئاياقلىشىپ ، ئىككىنچى باسقۇچلۇق خىز-
مەت - تۇراقلىق مۈلۈكنى سېتىۋېلىش قانات
يايدۇرۇلغان . موسكۋا ، سانكت - پېتېربۇرگ ،
يېكاتېرىنبۇرگ قاتارلىق شەھەرلەردە سودا كارخا-
نىلىرىنىڭ 76% بىنا ئۆي ۋە سورۇنلار سېتىۋې-
لىنغان .

بازار ئىسلاھاتى جەمئىيەت ئىقتىسادىنىڭ
تەرەققىياتىغا قارىتا ئىجابىي تەسىرلەرنى ئېلىپ
كەلگەن . خۇسۇسىيلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە
ئەگىشىپ ، كۆپلىگەن كارخانىلاردا گىراژدانلار-
نىڭ خىزمەت ئاكتىپلىقى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى
ئۆستۈرۈلگەن .ھازىر كۆپلىگەن ئادەملەر تىجارەت
بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن ، ئىسلاھاتنىڭ دەس-
لەپكى مەزگىللىرىدىكى تىجارەت قىلىدىغان ئادەم
ئاز ، سودا تۈرلىرى كەمچىل بولۇشتەك ۋەزىيەت
ئۆزگەرگەن . بازار ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشى-
شىغا ئەگىشىپ ، تۈرلۈك تارماق ئاپپاراتلار ۋە
تارماق ئاپپاراتلارنى ئاتلىغان سودا بىرلەشمە
شىركىتى ، توپ تارقىتىش ، پارچە سېتىش بىر-
لەشمە شىركىتى . سودا ، پۇل مۇئامىلە بىرلەشمە
تەشكىلاتلىرى قاتارلىقلار بەرپا قىلىندى . بۇ خىل
بىرلەشمە شىركەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن
بازارلارنى ئاۋاتلاشتۇرۇش ، تاۋارلارنىڭ تۈرلى-
رىنى كۆپەيتىش ، سودا مۇلازىمەت سۈپىتىنى

ئۆستۈرۈش ۋە بازار شارائىتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت بىلەن تەمىنلىگەن . نۆۋەتتە ، روسىيىدە تەخمىنەن 100 مىڭغا يېقىن تۈرلۈك بىرلەشمە شىركەتلەر بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە 75% ى پارچە سېتىش سودا كارخانىسى بىلەن ئاممىۋى يېمەك - ئىچمەك كەسپى . چەكلىك مەسئۇلىيەت ھەسسىدارلىق شىركىتى ، سودا كارخانىسى ئومۇمىي سانىنىڭ 50% نى ئىگىلەيدۇ . يەككە ، خۇسۇسىي ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ نىسبىتى 17% بولۇپ ، ھەسسىدارلىق شىركىتى 10% نى ئىگىلەيدۇ . تەخمىنەن 11 مىڭ سودا كارخانىسى ئاھالىلارنى تۈرلۈك تاۋارلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ .

ئاھالىلار سېتىۋېلىش كۈچىنىڭ تۆۋەنلىشى تاۋار ئوبوروت سوممىسىنىڭ كۆپىيىشىنى چەكلەپ قالغان . 1995 - يىلى نەق پۇل كىرىمى 12% تۆۋەنلىگەن . 90 - يىللاردا ، دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات مىقدارىنىڭ تۆۋەنلىشى ۋە ئاھالىلار سېتىۋېلىش كۈچىنىڭ تۆۋەنلىشى ، روسىيە خەلقىنىڭ قىسمەن يېمەكلىكلەرگە قارىتا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئىستېمالىنىڭ كەمىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان . گۆش ، بولكا ، مېۋە - چېۋە ئىستېمال مىقدارى ئوتتۇرىچە 10% تۆۋەنلىگەن . سۈت ، تۇخۇم ، قەنت ، كۆكتات ئوتتۇرىچە 17% تۆۋەنلىگەن . لېكىن ھازىرقى ئىستېمال سەۋىيىسى باشقا تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭكىدىن تۆۋەن ئەمەس . چۈنكى ، گۆش ئىستېمال سەۋىيىسى پولشا ، فرانسىيەنىڭكىگە يېقىنلىشىدۇ ، ياپونىيەنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ . قەنت ، بولكىنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسى كۆپلىگەن تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭكىدىن يۇقىرى . روسىيىنىڭ ئاھالىلارنى مەدەنىي تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىدا ئۆزگىرىش بولمىغان . ئىسلاھات ئېلىپ بارغان ئۈچ يىلدىن بۇيان ، روسىيە بىرلەشمە مەركىزى ئورگىنى ئىستېمال بازارلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش جەھەتتە ئاكتىپ رول ئوينىغان .

ۋاقتىدا مۇۋاپىق تەڭشەش ئېلىپ بېرىشقا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن ، روسىيە سودا كومىتېتى بىلەن ھەر قايسى ئىشچىلار ئۇيۇشما تەشكىلاتلىرى دۆلەت مال - مۈلۈك باشقۇرۇش كومىتېتى ۋە مەخسۇس تىجارەت قىلىشقا قارشى تۇرۇش كومىتېتىغا يېقىندىن ھەمكارلىشىپ ، يەرلىك خۇسۇسىيلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە مەخسۇس تىجارەت قىلىشقا قارشى تۇرۇش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ، ھەر قايسى تارماقلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە قاتناشقان . روسىيە سودا كومىتېتى پۈتۈن كۈچى بىلەن بازارلاردىكى تارماق كارخانىلار تەرەققىياتىدىكى تەكشى بولماسلىق مەسىلىسىنى چىقىرىپ تاشلاپ ، بازار تەرتىپىنى تەڭشىگەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ۋاقتىدا بىر قىسىم ئۆلچەملىك سودا قائىدە - نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىپ بازار تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان . يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان ، روسىيە سودا كومىتېتى تەخمىنەن 20 دىن كۆپرەك ئۆلچەملىك قانۇن ھۆججەتلەرنى تۈزۈپ چىققان . بۇنىڭ ئىچىدە : يېمەك - ئىچمەك ۋە غەيرىي يېمەكلىكلەرنى پارچە سېتىش تىجارەت قائىدە - نىزامى ؛ ھاراق ۋە پىۋا پارچە سېتىش تىجارەت قائىدە - نىزامى ، غەيرىي يېمەكلىكلەرنى ۋاكالەتەن سېتىش سودا قائىدە - نىزامى قاتارلىقلار بار . سودىنى ياخشى تەڭشەش ، ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن ، سودا كارخانىلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى ۋە كىچىك تىپتىكى پارچە سېتىش كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت قىلىشتىكى تۈپ قائىدە - نىزامىنى ، يەنە بىر قاتار ئاممىۋى يېمەكلىكلەر ساھەسىگە ئالاقىدار ئۆلچەملىك ھۆججەتنى تۈزۈپ چىققان .

روسىيە سودا كومىتېتىنىڭ يېتەكلىشى

ئاستىدا ئىستېمال بازارلىرى مەسىلىسىگە ئائىت تارماق ھالقىغان كومىتېت قۇرغان . بۇنىڭ بىلەن نورمال سودا ئەھۋالى ئېھتىياج ۋە تەلەپ ئۇچۇرىغا ، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ تاۋار ئالماشتۇرۇشىغا توسالغۇ بولىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردىمى بولغان . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چەت ئەللىك سودىگەرلەر بىلەن بولغان سودىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن پايدىلىق شارائىتلارنى ھازىرلىغان . بۇ ئىستېمال مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە بازارلارنى تولۇقلاشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىغان . روسىيە سودا كومىتېتىنىڭ تەشەببۇسى ئاستىدا ، موسكۋادا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەتلىرى سودا مىنىستىرلار ۋە رەھبەرلەر يىغىنى چاقىرىلدى . مەخسەت ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ياخشى تەرەققىي ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى . پەقەت 1995 - يىلى ئالدىنقى يېرىم يىلدا روسىيە مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسى بىلەن ئورناتقان ھەر خىل بىرلەشمە سودا كارخانىسى تەخمىنەن 1 مىڭ 300 بولۇپ ، سانائەت ، بىناكارلىق ، يېزا ئىگىلىك ۋە ترانسپورت تۈرلىرى كۆرسەتكۈچىنىڭ 4 - 5 ھەسسىسىدىن ئېشىپ كەتكەن .

روسىيە سودا كومىتېتىنىڭ خىزمىتى بىلەن 95 - يىلدىن 97 - يىلغىچە روسىيە ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيات پروگراممىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى زىچ باغلانغان بولۇپ ، كومىتېت ھەر قايسى تارماقلارنىڭ ھۆكۈمەت پروگراممىسىنى ئورۇندىشى ئۈچۈن مۇناسىپ كېلىدىغان خىزمەت پىلانىنى تۈزۈپ چىققان . روسىيە سودا كومىتېتى ھەر قايسى تارماقلارنىڭ ئوتتۇرا ، ئۇزۇن مەزگىللىك تەرەققىيات تەكلىپنامىسىنى تۈزۈپ چىقىپ ھۆكۈمەتكە تاپشۇرغان . ھەر قايسى مىنىستىرلىك 2000 - يىلدىن 2005 - يىلغىچە بولغان كۆزۈتىش خىزمىتىنى داۋاملىق ئېلىپ بارماقتا . سودىغا قارىتا داۋاملىق قانۇن بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماقچى . 1996 - يىلى سودا تەكشۈرۈش قانۇنىي ۋە زور مىقداردا قائىدە - نىزاملارنى ئېلان قىلىشنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە ماقۇللاش ئۈچۈن ، « سودا گېزىتى » ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە سودا كارخانىلىرى پائالىيەتلىرىگە ئائىت قانۇن - پەرمان توپلىمىسى نەشر قىلغان . نۆۋەتتە يېزىلغان ھۆكۈمەتنىڭ قارار لايىھەسىدە دۆلەتنىڭ سودا پائالىيىتىدىكى تەكشۈرۈش رولى تەكىتلەنگەن ۋە ھەر قايسى تارماقلارنىڭ يەرلىكتىكى نوپۇسىنى شۇنداقلا فونكسىيىلىك رولىنى كۈچەيتىش تەلەپ قىلىنغان .

گۈلقىز ئارىپ (ت)

# قازاقىستاننىڭ پاختا سودا ئەھۋالى

قازاقىستان مىنىستىرلەر ئىشخانىسى 1995 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تەستىقلىغان « جۇمھۇرىيەتنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش ۋە دۆلەت ئىگىدىكى پاختا توقۇلما سانائەت كارخانىلىرىنى خام ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى تۇراقلاشتۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە ئۇسۇل بەلگىلىمىلەر » نىڭ روھىغا ئاساسەن ، 1995 - يىلى كۈزدە يېڭى پاختا يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن ، دۆلەت ئىگىدىكى بارلىق پاختا سودا پائالىيەتلىرى چوقۇم جۇمھۇرىيەتنىڭ پاختا بىرژاسىدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك ، دەپ بەلگىلەندى . ھازىر ، جۇمھۇرىيەتنىڭ پاختا سودا ئىشلىرى چىمكەنت شەھىرىنىڭ « يىپەك يولى » بىرژىسىدا ئېلىپ بېرىلماقتا . 1995 - يىلى 11 -

ئايدا بۇ بىرژىدا بىرىنچى قېتىملىق سودا ئېلىپ بېرىلدى . ھازىرغىچە 13 قېتىم پاختا سودىسى ئەمەلگە ئاشتى . بۇ 13 قېتىملىق سودىدا ئېكسپورت قىلىنغان پاختا 35 مىڭ توننا بولۇپ ، قىممىتى تەخمىنەن 50 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ . ھازىرغىچە ئېكسپورت قىلىنغان پاختا 6 مىڭ تونىنىغا يېتىدۇ . پاختا ئېكسپورت قىلىش ئىنتايىن قىيىن بىر خىزمەت بولۇپ ، پاختىنى تۈرلەرگە ، دەرىجىگە ئايرىش كۆپ ، ئېكسپورت قىلىش رەسمىيىتى مۇرەككەپ . شۇنداق بولسىمۇ ، جەنۇبىي قازاقىستاننىڭ پاختىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن چەت ئەللەرگە سېتىلماقتا . روسىيە ، لىتۋا ۋە بېلورۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ پاختا يىپ ئىگىرىش كارخانىلىرىمۇ قازاقىستاننىڭ پاختىلىرىنى ئاز مىقداردا سېتىۋالماقتا .

بەزى خېرىدارلار بىرژا بىلەن كېلىشىم تۈزگەندىن كېيىن كېلىشىمدىكى شەرتلەرنى ئىجرا قىلمىغانلىقتىن ، بىرژا 1996 - يىلى 2 - ئايدىن باشلاپ سودا بەلگىلىمىلىرىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى . چۈنكى بۇ خېرىدارلار ۋەدىگە خىلاپلىق قىلغانلىقتىن ، بەزىدە پاختىنى نائىلاج تالاشتۇرۇپ سېتىشقا توغرا كەلدى . « يىپەك يولى » بىرژاسىدا ئىلگىرى سودا قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا جەرىمانە قويۇلمايتتى . پاختا سودىسىغا قاتناشقۇچىلارنىڭ قانچىلىك باج تاپشۇرۇشىمۇ ئېنىق ئەمەس ئىدى . ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى بىرژا بەلگىلىمىلىرىدە ، سودىغا قاتناشقۇچىلار چوقۇم ئالدىن 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى ( ياكى كاپالەت پۇلىنى ) گۆرۈگە قويۇشى كېرەك ، بولمىسا سودا قىلىش سالاھىيىتى بولمايدۇ ، ئەگەر سودا مۇۋەپپىقىيەتلىك بولسا ، رەنىگە قويۇلغان بۇ 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى قەرز بەرگەن پۇل ئورنىدا ھېسابات قىلىنىدۇ ، دېمەك بۇ پۇل ئاخىرى ئىگىسىگە قايتىدۇ ، دەپ بەلگىلەندى . ئىلگىرى مۇنداق ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلۈپ تۇراتتى ، يەنى سودا كېلىشىمنى تۈزۈپ ، رەنىگە قويۇلىدىغان پۇلنىمۇ بېرىپ بولغاندا پاختا سېتىۋالغۇچىلار تۇيۇقسىز كېتىپ قالىدۇ ، بۇ ۋاقىتتا رەنىگە قويۇلغان پۇل پاختا ئىشلەپچىقارغۇچى زاۋۇتلارغا قالىدۇ . پاختا سودىسىغا قاتناشقۇچىلار ئۈچۈن ئالدىن پۇل رەنىگە قويۇشتەك بەلگىلىمىلەرنى بېكىتىش پاختا ئىشلەپچىقارغۇچى زاۋۇتلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ، شۇنداقلا ئۇلار ئىشلەپچىقارغان پاختىنىڭ سېتىلىشىنى ۋە قەرز پۇلنى قايتۇرۇۋېلىشنى تېزلىتىش ئۈچۈندۇر . چۈنكى نۇرغۇنلىغان پاختا پىششىقلاپ ئىشلىگۈچى زاۋۇتلار قەرز بولۇپ تىجارەت قىلىدۇ .

قانداق قىلىپ پاختا سېتىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ، پاختا زاۋۇتلىرى ۋە ئوبلاستنىڭ رەھبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە . يېقىندا ئوبلاست باشلىقى ر . خالمۇراتوۋ ، م . ئولىربايېۋ ۋە « يىپەك يولى » بىرژاسىنىڭ رەھبىرى ش . مىرزاخمەتوۋ قاتارلىقلار بىرلىكتە بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئوبلاستنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ، پاختا سېتىشنى تېزلىتىشكە مۇناسىۋەتلىك بەزى تەدبىرلەرنى تېپىپ چىقتى . تەدبىر روھىغا ئاساسەن ، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن پاختىنىڭ ھەممىسى رايون ئاتلىغان پاختا ئامبارلىرىدا ئوچۇق ھالدا باھا تالاشتۇرۇپ سېتىلىدۇ ، بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئېكسپورت باھا تالاشتۇرۇپ سېتىش سودىسى قازاقىستاننىڭ جەنۇبىدىكى پاختا ئىشلەپچىقىرىش رايونىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . خېرىدارلار باھا تالاشتۇرۇپ سېتىش مەيدانىدا سېتىلىدىغان پاختىلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ، سۈپەت ۋە پاختىنىڭ رەڭگىنى ئۆزى تەكشۈرۈپ ئالىدۇ . پاختا زاۋۇتلىرى ۋە پاختىكارلارمۇ نەق مەيداندا باھا تالاشتۇرۇپ سېتىش جەريانىدىكى باھانى نازارەت قىلىپ تۇرىدۇ ، بىر

نەچچە تەرەپ تەڭ قاتناشقان نەق مەيداندا باھا تالاشتۇرۇپ سېتىش پائالىيىتىدە ، سېتىش باھاسى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىنغاندىن كېيىن بەلگىلىنىدۇ ، شۇڭا سودا جەريانىدىكى ماجىراﯗ ئاز بولىدۇ .

خەلقئارا بازاردا پاختىنىڭ باھاسى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش بولۇپ ، مۆلچەرلەش قىيىن . يېقىندا ھەر بىر توننا پاختىنىڭ سېتىلىدىغان ئەڭ يۇقىرى باھاسى 1600 ئامېرىكا دوللىرى ئىدى . باھا تۆۋەنلەپ كەتكەن ۋاقىتتا ، لىۋېر پۇل خەلقئارا بىرژىدا ھەر بىر توننا پاختا پەقەت 1500 ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىلدى . يېقىندىن بۇيان خەلقئارادا پاختىنىڭ باھاسى يۇقىرى بولۇپ كەلدى ، 1996 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ھەر بىر توننا پاختىنىڭ سېلىنتىش باھاسى 1813 ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى 1823 ئامېرىكا دوللىرىغا ئۆستى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، چىمكەنت شەھىرىدىكى پاختا بىرژىسىدا پاختىنىڭ باھاسى خەلقئارا بازاردىكى پاختىنىڭ باھاسىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇردى .

# قازاقىستاننىڭ تاشقى ئىقتىسادىي پائالىيەت ئەھۋالى

تاموژنا ئورگىنىنىڭ ستاتىستىكا ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە ، 1996 ـ يىلى 1 ـ ، 2 ـ ئايلاردا قازاقىستاننىڭ تاشقى سودا ئومۇمىي سوممىسى 1995 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىگە سېلىشتۇرغاندا بىر ھەسسە ئاشقان ، يەنى بىر تىرىللىئون 823 مىليارد 400 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولغان ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 151 مىليون 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ( 1.6 ھەسسە ئاشقان) . ئىمپورت سوممىسى 672 مىلياد 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ( %39.5 ئاشقان ) بولغان . 1995 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىگە سېلىشتۇرغاندا ئىمپورت ـ ئېكسپورت كەسپىنىڭ بۇ دەرىجىدە ئېشىشى ئاساسلىقى 1996 ـ يىلى رەتلىنىپ چىققان 1995 ـ يىللىق مال يۆتكەشنى تاموژنىغا مەلۇم قىلىش جەدۋىلىدىكى ھېسابات ئاغدۇرۇش قالدۇق سوممىسىغا تايانغان . ئۇنىڭدا تاۋار ئوبوروت سوممىسى 945 مىليارد 600 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 561 مىليارد 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ، ئىمپورت سوممىسى 384 مىليارد 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولغان . 1996 ـ يىللىق تاشقى سودىدا ئولۇڭ پەرق 478 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى ( 1995 ـ يىلى 1 ـ ، 2 ـ ئايدىكى تەتۈر پەرق 33 مىڭ 700 ئامېرىكا دوللىرى ) بولغان . يىراق دۆلەتلەر ۋە قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودىدا ئولۇڭ پەرق شەكىللەندى ، يەنى 349 مىليون 900 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ۋە 128 مىليون 900 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى .

قازاقىستاننىڭ ئاساسلىق ئېكسپورت سودا شېرىكى : روسىيە 1996 ـ يىللىق ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %47 نى ، گوللاندىيە بىلەن جۇڭگو %7 نى ، ئەنگلىيە ، ئىتالىيە ، شىۋېيتسارىيە ۋە گېرمانىيە %4 نى ، كورىيە %3 نى ئۆزبېكىستان %2 نى ئىگىلەيدۇ . قازاقىستاندىن تاۋار ئىمپورت قىلىدىغان ئاساسلىق دۆلەتلەر : روسىيە ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %57 نى ، تۈركمەنىستان %11نى ، گېرمانىيە ، تۈركىيە %3نى ، ئۇكرائىنا بىلەن موڭغۇلىيە %2 نى ئىگىلەيدۇ .

قازاقىستاننىڭ ئېكسپورت قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولمىدى ، ھەر خىل ماشىنىلار ،

ئۇسكۈنىلەر، قاتناش قوراللىرى ۋە ئەسۋابلارنىڭ نىسبىتى جەمئىي 5% نى (1995 - يىلى 1 - 2 - ئايدا 3%) ئىگىلىدى. يېقىلغۇ ئېنېرگىيە مەھسۇلاتلىرى ۋە مېتاللارنىڭ نىسبىتىمۇ 66%تىن ئېشىپ كەتتى. يېمەكلىك 13% نى، يېمەكلىك خام ئەشياسى 9%نى، خىمىيە سانائىتى ۋە نېفىت - خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى 9% تىن كۆپرەكنى (1995 - يىللىق سەۋىيەدە) ئىگىلىدى. 1996 - يىلى 1 - ، 2 - ئايدا يىراق دۆلەتلەرگە قىلىنغان ئېكسپورتنىڭ 85%ى دېگۈدەك قارا مېتال ۋە رەڭلىك مېتال بۇيۇملىرى بولۇپ 303 مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا، كان ماددىلىرى ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرى 141 مىليون 400 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. بۇ دۆلەتلەرگە جەمئىي 1 مىليون 165 مىڭ 400 توننا نېفىت ( 1995 يىلى 1 - ، 2 - ئايغا سېلىشتۇرغاندا 3.8 ھەسسە كۆپ )، تۆمۈر قېتىشمىسى 71 مىڭ 900 توننا ( ئىككى ھەسسە كۆپ ) نەپىس تاۋلانغان مىس 57 مىڭ 200 توننا ( 1.5 ھەسسە كۆپ ) پروكاتلانغان قارا مېتال ماتېرىياللىرى 254 مىڭ 900 توننا ( 0.5 ھەسسە كۆپ )، كۆمۈر 10 مىڭ 200 توننا ( 1995 - يىللىق سەۋىيە )، ئاليومىن 3700 توننا ( 1995 - يىلى 1 - ، 2 - ئايدا ئاليومىن ئېكسپورت قىلىنمىغان ) ئېكسپورت قىلدى. خروم ۋە قوغۇشۇن 1996 - يىلى بۇ دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىنمىدى ( 1995 - يىلى 1 - ، 2 - ئايدا ئېكسپورت قىلىنغان خروم 45 مىڭ 700 توننا، قوغۇشۇن 2300 توننا ).

قوشنا دۆلەتلەرگە بولغان ئېكسپورت قۇرۇلمىسىدا يېقىلغۇ ئېنېرگىيە مەھسۇلاتلىرى ۋە مېتاللار ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. 1996 - يىلى 1 - ، 2 - ئايدا ئېكسپورت قىلىنغان كان مەھسۇلاتلىرى 217 مىليون 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا، مېتاللار 102 مىليون 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىنغان قوغۇشۇن 9100 توننا (1995 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىگە سېلىشتۇرغاندا ئىككى ھەسسىدىن كۆپ)، سىنىك 3000 توننا (بىر ھەسسە كۆپ)، ئاليومىن ئوكسىدى 266 مىڭ 500 تونناغا (1.4 ھەسسە كۆپ) يەتتى. كۆمۈر، خام نېفىت، تۆمۈر رۇدىسىنىڭ ئېكسپورت مىقدارىمۇ كۆرۈنەرلىك ئاشتى. 1996 - يىلى 1 - ، 2 - ئايدا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىنغان پروكاتلانغان قارا مېتال 12 مىڭ توننا (1995 - يىلى 1 - ، 2 - ئايغا سېلىشتۇرغاندا 89% ئازايغان)، خروم رۇدىسى 44 مىڭ 100 توننا (73% ئاز) مىس 2500 توننا (65% ئاز)، تۆمۈر قېتىشمىسى 4100 توننا (53% ئاز)غا يەتتى.

ئەركىن ئالماشتۇرىدىغان پۇل تاپشۇرۇش شەكلىدە ئېكسپورت قىلىنغان مەھسۇلات ئومۇمىي ئېكسپورت سوممىسىنىڭ 59%نى ئىگىلەيدۇ (1995 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىسى 64%)، ئۇنىڭ ئىچىدە يىراق دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلغىنى 89%نى (78%)، قوشنا دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلغىنى 34% (17%) نى ئىگىلەيدۇ. ئەركىن ئالماشتۇرىدىغان پۇل بىلەن راسچوت قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئېكسپورت قىلىنغان كان ماددىلىرى 62% نى، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى 61% نى، مېتاللورگىيە مەھسۇلاتلىرى 68% نى ئىگىلەيدۇ، بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپ قىسمى روسىيە، شۋېتسارىيە، جۇڭگو، گوللاندىيە، لىتۋا، ئىتالىيە، گېرمانىيە، تۈركىيە، ئۇكرائىنا ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىنىدۇ. تاۋار ئالماشتۇرۇش شەكلىدە ئېكسپورت قىلىنغان مەھسۇلاتلار 104 مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، 1995 - يىلى 1 - ، 2 - ئايدا بولسا 98 مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئىدى، شۇ-

نىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مال ئالماشتۇرۇش سودىسىنىڭ جۇمھۇرىيەتنىڭ ئومۇمىي ئېكسپورت سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتىمۇ 13% تۆۋەنلىدى ھەم 1996 ـ يىلى 1 ـ ، 2 ـ ئايدىكى ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 9% نى ئىگىلىدى . مال ئالماشتۇرۇش سودىسى ئاستىدا ئېكسپورت قىلىنغان كان مەھسۇلاتى 61 مىليون 400 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا ، خىمىيە مەھسۇلاتلىرى 15 مىليون 300 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا ، مېتاللار 9 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا ماشىنا ئۈسكۈنە ، قاتناش قوراللىرى ۋە ئەسۋابلار 4 مىليون 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى ( ئاساسلىقى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەرنى ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئالدى بىلەن روسىيىنى تەمىنلەيدۇ ) .

قازاقىستان ئىمپورت قىلغان مەھسۇلاتلار ئىچىدە يېقىلغۇ ئېنېرگىيە بايلىقى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ 259 مىليون 600 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ ، ئۇ ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 39% نى ئىگىلەيدۇ ( 1995 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىسى 38% ) . ماشىنا ، ئۈسكۈنە ، قاتناش قوراللىرى ، ئەسۋاب قاتارلىقلار 154 مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن بولۇپ 23% نى ( 30% ) ، خىمىيە مەھسۇلاتلىرى 61 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن بولۇپ 9% نى (6%) ، مېتال 46 مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن بولۇپ 7% (6%) نى ، ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك يېمەكلىك ۋە خام ئەشيا 64 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن بولۇپ 9.5% (8%) نى ئىگىلەيدۇ .

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلىنغان ماشىنا ، ئۈسكۈنە ، قاتناش قوراللىرى ۋە ئەسۋابلارنىڭ قىممىتى 80 مىليون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا ( 1995 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكى 146 مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ) ، خىمىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ 49 مىليون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا ( 27 مىليون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ) ، مېتالنىڭ 43 مىليون 600 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا ( 28 مىليون 600 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى) يەتتى . 31% مەھسۇلات ئالماشتۇرۇشقا بولمايدىغان پۇل تۆلەش شەكلىدە ئىمپورت قىلىنغان ( 1995 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىسى 17% ) ، 55% مەھسۇلات ئەركىن ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان پۇل تۆلەش شەكلىدە ئىمپورت قىلىنغان ( 1995 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىسى 6.5% ) ، مال ئالماشتۇرۇش سودىسى ئارقىلىق ئىمپورت قىلىنغان مەھسۇلات 6% نى ئىگىلەيدۇ ( 1995 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىسى 12% ) .

## ئالتاي چېگرا رايونىنىڭ ئىقتىسادىي سودا تەرەققىياتىغا قارىتا ئانالىز ۋە تەكلىپ پىكىرلەر

ئىسلاھات ئېچىۋېتىشتىن بۇيان ، قانداق قىلىپ پايدىلىق پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ سىرتقا نىسبەتەن ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ ، ئالتاي رايونىنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ھازىرقى جىددىي ئىش بولۇپ قالدى . ئالتاي رايونى روسىيە ، قازاقىستان ۋە موڭغۇلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگراداش بولۇپ ، بۇ رايوندا جەمئىي ئۈچ سودا ئېغىزى بار ، بۇنىڭ ئىچىدىكى جېمىنەي سودا ئېغىزى مەملىكەت بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك سودا ئېغىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بولۇپمۇ

ئىقتىسادىي كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان
روسىيە ۋە بايلىقى مول قازاقىستاننىڭ ئالتاي راـ
يونى بىلەن چېگراداش بولغانلىقى پۈتۈن مەملىـ
كەت بويىچە كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان ئەۋـ
زەل شارائىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتقاندا ، مۇستەقىل
دۆلەتلەر بىرلەشمىسى بىلەن موڭغۇلىيىنىڭ كەڭ
بازارلىرى ، شىنجاڭغا ھەتتا ئالتاي رايونىغا نىسـ
بەتەن چەكسىز ئىستىقبالغا ئىگە بولۇپ ، ئۇنىڭغا
سەل قاراشقا بولمايدۇ . شىنجاڭ بىلەن مۇستەقىل
دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ئۆزئارا بىر ـ بىرىنىڭ
بازارلىرىنى كېڭەيتىدۇ ، ھەر تەرەپ ئۆز ئالدىغا
ئەۋزەللىككە ئىگە . ئەۋزەل شارائىت بىلەن بىر ـ
بىرىنى تولۇقلاش ، ئورتاق تەرەققىي قىلىش
شىنجاڭ بىلەن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى
ئورتاق ئىنتىلىدىغان نىشان . ستاتىستىكا ماتېرىـ
ياللىرىغا قارىغاندا ، ئالتاي رايونى مۇستەقىل دۆـ
لەتلەر بىرلەشمىسى ۋە موڭغۇلىيىنىڭ بازارلىرىدا
مۇئەييەن ئورۇننى ئىگىلەيدىكەن ، بۇ بازارلارغا
كىرىش جەھەتتە ياخشى باشلىنىش باركەن .

مەركەز چېگرا رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي
تەرەققىياتىنى قوللاش ۋە تېزلىتىش ئۈچۈن ،
نۇرغۇنلىغان پايدىلىق سىياسەتلەرنى يولغا
قويدى : يەنى 1992 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ
كۈنىدىكى « گوۋۇيۈەننىڭ خېيخې قاتارلىق تۆت
چېگرا شەھەرنى سىرتقا نىسبەتەن ئېچىۋېتىشقا
مۇناسىۋەتلىك ئۇقتۇرۇشى » ، 1992 يىلى 6 ـ
ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى « گوۋۇيۈەننىڭ شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سىرتقا نىسبەتەن ئېـ
چىۋېتىشنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭەيـ
تىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى تەستىق جاۋابى »
، 1992 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى گوـ
ۋۇيۈەن تەستىقلىغان « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ ئېچىش ، مەبلەغ سېـ
لىشقا رىغبەتلەندۈرۈشتىكى ئېتىبار بېرىش سىياـ
ستى » قاتارلىقلار بار . يېقىندا ، تاشقى ئىقتىساـ
دىي سودا مىنىستىرلىكى ۋە تاموژنا باش مەھكىـ
مىسى يېڭىدىن « چېگرا ئاز سومملىق سودىسى
ۋە چېگرا رايونلاردىكى ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمـ
كارلىقنى باشقۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئۇسۇل » نى
يولغا قويدى ، چېگرا سودىسى توغرىسىدا ئېنىق
چۈشەنچە ھاسىل قىلدى : چېگرا سودىسى چېگرا
رايونلاردىكى سودىغا قارىتىلغان بولۇپ ، چېگرا
ئۆلكە ۋە رايونلارنىڭ سودىسى ئەمەس . چېگرا
سودىسى ئاساسەن چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ ئاز
سومملىق سودىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، ئاـ
دەتتىكى سودا ۋە چوڭ سودىلار بۇنىڭغا كىرـ
مەيدۇ . چېگرا ئاز سومملىق سودىلىرىنى ۋە
چېگرا رايوننىڭ ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق
تۈرلىرىنى كېڭەيتىشكە بولىدىغان رايونلار : دۆـ
لىتىمىز بىلەن قوشنا بولغان دۆلەتلەردىكى قۇـ
رۇقلۇقتا چېگرىلىنىدىغان چېگرا ناھىيە ( شەـ
ھەر ، خوشۇن ) ۋە گوۋۇيۈەن تەستىقلىغان
چېگرا ئېچىۋېتىلگەن شەھەرلەرگە قاراشلىق راـ
يونلاردىن ئىبارەت . مانا بۇ بەلگىلىمىلەر قانۇنىي
جەھەتتىن چېگرا سودىسى ھەققىدىكى ئۇقۇمنى
ئېنىق بەلگىلەپ ، چېگرا سودىسى رايونلىرىنىڭ
دائىرىسىنى ئايرىپ ، چېگرا سودىسى شەكلىنى
بەلگىلەپ بەردى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئېـ
تىبار بېرىش سىياسىتىدە باجنى ئازايتىش ئېتىبلـ
رىدىن بەھرىمەن بولۇش ، بەزى ئېكسپورت قىـ
لىنىدىغان تاۋارلارغا نورما بەلگىلەش ۋە ئىجازەتـ
نامە ئېلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ، چېگرا ئاز
سومملىق سودىدا باج ياندۇرۇش سىياسىتىدىن
بەھرىمەن بولۇش قاتارلىقلار بار . ئالتاي رايونىنىڭ
ئىقتىسادىي ۋە چېگرا سودىسىنى تەرەققىي قىلـ
دۇرۇش ئۈچۈن ، تۆۋەندە بىر نەچچە تەكلىپ
پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز .

1 . يېڭى تىپتىكى چارۋىچىلىقنى تەرەققىي
قىلدۇرۇش

ئالتاي چارۋىچىلىق رايونى بولۇپ، چوڭ قۇيرۇقلۇق قوي بېقىشتا تەڭدىشى يوق. لېكىن بۇ يېڭى ۋەزىيەتتە بىز ئەنئەنىۋىي كۆز قاراش بىلەن پۇت - قولىمىزنى چۈشەپ قويماسلىقىمىز كېرەك. هازىر ئالتاي رايونىنىڭ تەرەققىياتىدا ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرى بولغان چارۋىچىلىق جەھەتتە يېڭى كۆز قاراشلار مەۋجۇت. يېزا ئىگىلىك رايونلىرىدا چارۋىچىلىقنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى چوقۇم تەكىتلەش، يەم - خەشەك تېرىقچىلىقنى ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش، چارۋىچىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ۋە يېرىم ئولتۇراقلىشىش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش زۆرۈر. بولۇپمۇ، چارۋىچىلىق خام ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىش قاتارلىق بىر يۈرۈش خىزمەتلەرنى ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە پىششىقلاپ ئىشلەش ھەم ئىنچىكىلىك بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەش خىزمەتلىرىنى چىڭ تۇتۇش ئىنتايىن مۇھىم. چارۋىچىلىق جەھەتتە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلغار تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈش، پەن - تېخنىكىنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئىشلىتىش ئالتاي رايونىنىڭ چارۋىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا جىددىي ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ۋەزىپە.

2. ۋەكالەتلىك قىلىش تۈزۈمىنى يۆلىنىش تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە ھەتتا ئالتاي رايونلىرىدىمۇ چېگرا ئىقتىسادىي سودا پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغاندا شىركەت يۆلىنىش تۈزۈمى ئىشلەتكەن، ئەمەلىيەت بۇ ئۇسۇلنىڭ مۇۋاپىق ئۇسۇل ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى. بىر بۆكنى ھەممە ئادەم كىيىش، بىر تامغىنى كۆپچىلىك بېسىشتەك بۇ ئۇسۇلنىڭ زىيىنى كۆپ پايدىسى ئاز، چېگرا سودىسىنىڭ ساغلام تۇراقلىق تەرەققىي قىلىشىغا، مەركەزلىشىپ بىردەك باشقۇرۇشقا پايدىسىز. گوۋۇيۈەننىڭ ھۆججىتىگە ئاساسەن، 1996 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ چېگرا رايونلاردا ئاز سومملىق سودا ئېلىپ بارغاندا يۆلىنىش تۈزۈمىنى ئىشلىتىش بىردەك ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئەگەر چېگرا سودا كارخانىلىرىدا يۆلىنىش ئەھۋالى بايقالسا، تاشقى سودىنى نۇقتىلىق باشقۇرىدىغان ئورۇنلار بۇ كارخانىنىڭ تىجارەت قىلىش ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلايدۇ. مەبلەغ سېلىش ئاكتىپلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، ئەمەلىي كۈچى ۋە ئىناۋىتى بار، چېگرا سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىشقا رازى بولغان شىركەت ۋە يەككە ئىگىلىكتىكى شىركەتلەر چېگرا ناھىيە ۋە شەھەرلەردىكى تاشقى ئىقتىسادىي سودا تىجارەت ھوقۇقى بار شىركەتلەرگە ھاۋالە قىلىش ئارقىلىق تاشقى سودا مۇلازىمىتىنى بېجىرىسە بولىدۇ. يۆلىنىش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ۋەكالەتلىك قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى.

3. ساختا ناچار تاۋارلارنىڭ دۆلەت چېگرىسىدىن كىرىپ - چىقىشىغا يول قويماسلىق.

سۈپەتلىك ۋە ئۆلچەمگە مۇۋاپىق كېلىدىغان تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىپ ئېكسپورت قىلىشقا تەشكىللەش، ساختا - ناچار تاۋارلاردىن قاتتىق ساقلىنىش، ساختا - ناچار مەھسۇلاتلارنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى بازارلارغا كىرىشىگە ۋە دۆلەت چېگرىسىدىن چىقىپ كېتىشىگە يول قويماسلىق، چېگرا سودىسىنى گۈللەندۈرۈشتىكى مۇھىم ۋەزىپە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەلۇم مەنىدىن سۆزلىگەندە، بىر دۆلەتنىڭ مەھسۇلاتى شۇ دۆلەتنىڭ قىياپىتىنى بەلگىلەيدۇ. ئالتاي رايونىدىكى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتلىرى مەھسۇلات سۈپىتى جەھەتتە يۇقىرى باشلىنىش ۋە يۇقىرى ئۆلچەم

قىلىپ ، ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش ؛ مەھسۇلاتنى ئىنچىكىلىك بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەش جەھەتتە مەبلەغنى كۆپەيتىپ ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلغار تېخنىكا ھەم ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈپ ، مەھسۇلاتنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك .

ساختا ناچار تاۋارلارنىڭ دۆلەت چېگرىسىدىن چىقىپ كېتىشىنى تەشكىللىي جەھەتتىن كونترول قىلىش ئۈچۈن ، ئالتاي رايونى قەرز ئېلىش ۋە مەبلەغ توپلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ، ئالتاي شەھرىدە ياكى جېمىنەي ناھىيىسىدە مەخسۇس چېگرا ئاھالىلىرىگە ۋە ساياھەتچىلەرگە ئېھتىياجلىق تاۋارلارنى سېتىش ئورنىنى قۇرۇشى ، بۇ ئورۇن تاۋارلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ ، ئۆلچەمگە توشقان تاۋارلارنى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى بازارلارغا ۋە موڭغۇلىيىدىكى بازارلارغا تارقىتىش ۋە بۇ بازارلاردىن كىرگۈزۈش ئورنىغا ئايلىنىشى كېرەك . تاشقى سودا ھوقۇقى بار شىركەتلەرنى تەرتىپكە سېلىش ، ئەمەلىي كۈچى يوق ، نورمال تاشقى سودا ئىشلەرىنى ئېلىپ بارالمايدىغان شىركەتلەرنىڭ تاشقى سودا ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش كېرەك .

4 . سودا ئېغىزلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش

ئالتاي ۋىلايىتى موڭغۇلىيىگە ئاچقان چۇقان ۋە تاقاشقىن سودا ئېغىزلىرىنىڭ سىرتقا نىسبەتەن ئېچىۋېتىش پەسىلچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك ، ھەر يىلى 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى ئېچىلىپ ، تاغنى مۇز قاپلىغان پەسىلدە ئېتىلىدۇ . ۋاقىت جەھەتتىكى چەكلىمە چېگرا سودىسىنىڭ تەرەققىيات دائىرىسىنى زور دەرىجىدە توسايدۇ . شۇڭا سودا ئېغىزى ئېچىلغان مەزگىلدە خىزمەت سۈرئىتىنى تېزلىتىپ ، خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك . مەسىلەن : بىرلىشىپ تەكشۈرۈش ئورنىدىكى خادىملار ئىش ۋاقتىدا بالدۇر ئىشقا چىقىپ ، تەييارلىق خىزمىتىنى تولۇق ياخشى ئىشلىشى ، تەكشۈرۈپ قويۇپ بېرىش رەسمىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇشى ، چېگرا سودا شىركىتى ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنى سودا ئېغىزىغا بالدۇر يۆتكەپ كېلىشى ، بىر قانچە كۈچلۈك قاچىلاش - چۈشۈرۈش مۇلازىمەت بەنزىسىنى قۇرۇش كېرەك . بۇنىڭدىن باشقا ، ئەگەر موڭغۇلىيە تەرەپ قوشۇلسا ، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىگە زىيان يەتمەيدىغان ئەھۋال ئاستىدا ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنى قازاقىستان ۋە روسىيە ئارقىلىق موڭغۇلىيىگە يەتكۈزۈش كېرەك ، چۈنكى موڭغۇلىيە بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىلىقىدا ناھايىتى قولايلىق بولغان تۆمۈر يول ۋە تاش يول لىنىيىلىرى بار ، بۇ خىل ئۈچىنچى دۆلەتنى ئايلىنىش ئارقىلىق سودا قىلىش شەكلى پەسىلنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ ، شۇڭا بۇ ئۇسۇلنى سىناپ بېقىش كېرەك .

5 . جۇڭگو بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئېغىزىنى ئېچىشنى تېزلىتىش

ئالتاي بىلەن روسىيىنىڭ 54 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چېگرا لىنىيىسى بار . قاناس ئېغىزى دۆلىتىمىزنىڭ غەربىدىكى بىردىن - بىر جۇڭگو روسىيە قۇرۇقلۇق يولىدىكى ئېغىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ، 54 كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ جۇڭگو روسىيە چېگرا رايونى جۇڭگو ، روسىيە ، قازاقىستان ۋە موڭغۇلىيە قاتارلىق تۆت دۆلەتنىڭ تۇتىشىدىغان ئورنى بولۇپ ، جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم . ئىقتىسادىي كۈچى كۈچلۈك بولغان روسىيە بىلەن ھەمكارلىشىپ بۇ چېگرا يولىنى ئاچقاندا ئالتاي رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا يېڭى كۈچ قوشىدۇ . قاناس ئېغىزىنى ئېچىش جەھەتتە روسىيە بىلەن دۆلەتىمىز ئورتاق تونۇشقا ئىگە . ھازىر روسىيە ۋە شىنجاڭ تارباغاتاي ئوبلاستىدىكى باقتۇ سودا ئې-

غىزى ، ئالتاي رايونىدىكى جېمنەي سودا ئېغىزى
قاتارلىق جايلار ماشىنا بىلەن مال يۆتكەيدۇ ،
روسىيىنىڭ يۈك ئاپتوموبىللىرى مەيلى قانداق مال
قاچىلىسۇن ، قازاقىستان چېگرىسىدىن ئۆتكەندە
قازاقىستان تەرەپ روسىيىنىڭ ھەر بىر يۈك ئاپ-
تومۇبىلى ئۈچۈن 50 ئامېرىكا دوللىرى چېگرىدىن
ئۆتۈش خىراجىتى ئالىدۇ ، روسىيە سودىگەرلىرى
قازاقىستاننىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ئىنتايىن نارازى .
ھازىر روسىيىنىڭ نوۋوسىبىرسكى ئوبلاستى ،
ئالتاي چېگرا رايونى ۋە شىنجاڭ قاتارلىق جايلار-
نىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان ئىقتىسادىي سودا
مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق . يېلتسىن تەستىق-
لىغان « 1997 - يىلىدىن 2005 - يىلىغىچە بول-
غان ۋاقىتتىكى سىبىرىيىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىساد
تەرەققىيات پروگراممىسى » دا « روسىيىنىڭ
جۇڭگو بىلەن بولغان تاشقى ئىقتىساد مۇناسىۋى-
تىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش » نىڭ مۇھىملىقىنى
ئالاھىدە تەكىتلىگەن . جۇڭگو - روسىيە ،
جۇڭگو - قازاقىستان ۋە جۇڭگو - موڭغۇلىيە
قاتارلىقلارنىڭ چېگرا ئىقتىسادىي سودىسى زور
تەرەققىي قىلىدىغان كۆنلەر يېقىنلاپ قالدى .
شۇڭا بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ، قاناس سودا
ئېغىزىنى ئېچىشنى بالدۇر پىلانغا كىرگۈزۈشىمىز
كېرەك .

6 . تۆمۈر يولنى ئالتاي رايونى-
غىچە قۇرۇش

ياۋروپا ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى
شىنجاڭنى كېسىپ ئۆتىدۇ . ئالتاي رايونى ياۋروپا
ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ ئىقتىسادىي
بەلبېغىغا تەۋە بولۇشى كېرەك . ھازىر ئۈ-
رۈمچى - قەشقەر تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى
باشلاندى . ئەمدى كۈيتۇن - ئالتاي تۆمۈر يو-
لىنى قۇرۇش تۈرىمۇ « 9 - ئالتە يىللىق پىلان »
غا كىرگۈزۈلىشى ، تۆمۈر يول راۋانلىشىشتىن
ئاۋۋال تاش يول قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلىشى
كېرەك . « بېيىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يول يا-
ساش كېرەك » مانا بۇ ھېكمەتلىك سۆز ئالتاي
رايونى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم . چۈنكى ئالتاي
رايونىنىڭ تاش يول قۇرۇلۇش ئەھۋالى ئۇ يەر-
نىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەلپىدىن يىراق ،
يول ناچار ، بۇزۇلۇش ئېغىر ، ئۇزۇن يىل قايتا
رېمونت قىلىنمىغان ، بولۇپمۇ ھەر قايسى سودا
ئېغىزلىرىغا بارىدىغان تاش يوللار چېگرا سودى-
سىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىسىز تەسىر
يەتكۈزمەكتە . ئالتاينىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلە-
رىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئالىي دەرىجىلىك تاش
يول قۇرۇلۇشىدىن ئايرىلالمايدۇ ، شۇڭا تاش يول
قۇرۇلۇشىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ .

7 . چەت ئەللەرگە بېرىپ «
ئالتۇن قېزىش »

ئەڭ يېڭى ئېتىبار بېرىش سىياسىتىگە ئا-
ساسەن ، چېگرا ناھىيىلەر چېگرا سىرتىدا ھۆد-
دىگە ئېلىش قۇرۇلۇشى ۋە ئەمگەك مۇلازىمەت
ھەمكارلىق تۈرلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئې-
رىشكەن ماددىي مەبلەغنى ئۆز دۆلىتىگە قايتۇرۇپ
كېلىشتە تىجارەت ئىش تەقسىماتى چەكلىمىسىگە
ئۇچرىمايدۇ . ئۆزلىرى ئېلىپ چىققان ئۈسكۈنە ،
ماتېرىيال ۋە ئەمگەك مۇلازىمەت خادىملىرىنىڭ
ئۆزى ئىشلىتىدىغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى مۇۋاپىق
دائىرىدە ئىچىدە ئىش تەقسىماتى ۋە ئېكسپورت
نورما چاكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ ھەم ئېكسپورت
ئىجازەتنامىسى ئالمىسىمۇ بولىدۇ . بۇ ئەۋزەل
شارائىتلار ئالتايلىقلارنىڭ چەت ئەللەرگە چىقىپ
« ئالتۇن كولىشى » ئۈچۈن قانۇنىي ئاساس يارى-
تىپ بەردى . ئالتاي رايونى زور تۈركۈمدىكى
ئەمگەك كۈچىگە ۋە مۇئەييەن تېخنىكا ئەۋزەللى-
كىگە ئىگە . چېگرا سودىسىنى ياخشىلاش بىلەن
بىرگە تاشقى ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى جانلاندۇ-
رۇش ئالتايلىقلارنىڭ يەنە بىر ئاقىلانە تاللىشى-
دۇر . ئۇلار قوشنا دۆلەتلەرگە بېرىپ بىرلىشىپ

زاۋۇت، خۇمدان، ئاشخانىلارنى قۇرۇپ، بېلىق بېقىپ، موگۇ ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلىسە بولىدۇ. قازاقىستان جەمئىي ئالتە ئىقتىسادىي رايوننى قۇردى، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ ئىقتىسادىي رايون جۇڭگوغا قارىتا قۇرۇلغان. يەركەنت ئىقتىسادىي رايونى قورغاسقا، ئارال ئىقتىسادىي رايونى ئالاتاغ سودا ئېغىزىغا، شەرقىي قازاقىستان ئەركىن ئىقتىسادىي رايونى بىۋاسىتە ئالتاي ۋىلايىتىگە قارىتىلغان. 1996 - يىلى 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قازاقىستاننىڭ زۇڭتۇڭى «قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادىي رايونلىرى توغرىسىدىكى زۇڭتۇڭ بۇيرۇقى» نى ئېلان قىلىپ، ئىلگىرىكى ئالتە ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قىلىپ ئۆزگەرتتى. قازاقىستان ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلار باج يىغىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويىدۇ، مانا بۇ ئالتايلىقلار ئۈچۈن دۆلەتتىن ھالقىپ مۇلازىمەت قىلىشتىكى يەنە بىر يېڭى پۇرسەت. شۇڭا ئالتاي ۋىلايىتى جېمنەي ناھىيىسىدە ئىقتىسادىي رايون قۇرۇپ، چەت ئەل كاپىتالىنى جەلپ قىلىشى، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزۈپ، ئالتاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى گۈللەندۈرۈش كېرەك.

8. ساياھەتچىلىكنى تۈگۈمەس بايلىققا ئايلاندۇرۇش

قاناس كۆلى مۇھىم تارىخىي مەدەنىي قىممەتكە ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈش قىممىتىگە ئىگە. قاناس تەبىئىي قوغداش رايونى مەملىكىتىمىزدىكى ئەتىۋارلىق جانلىقلار نەسلى تارقالغان رايونلارنىڭ بىرى ۋە كۆپ ئېرىشكىلى بولمايدىغان تەبىئىي گېن ئامبىرى بولۇپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ساياھەتچىلەر بۇ مۇقەددەس جايغا كېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ساياھەتچىلىك پايدىسى كۆپ ئىش، ھازىر ئالتاي ۋىلايىتىدە ناھايىتى زور ساياھەتچىلىك مابلىغى يۇشۇرۇنۇپ ياتماقتا. ئەگەر يۇرۇشلەشكەن ساياھەتچىلىك ئەسلىھەلىرىنى يەنى: مېھمانخانا، ماشىنا بىلەن ساياھەت قىلغۇچىلار تۇرىدىغان قونالغۇ، ماشىنا قويۇش مەيدانى، ساناتورىيە، مۇز تېيىلىش ۋە چاڭغا تېيىلىش مەيدانى قاتارلىقلارنى قۇرسا؛ شۇ يەردىكى ھەر خىل ساياھەتنى خاتىرىلەر ئەھمىيىتىگە ئىگە مەھسۇلاتلارنى، مەسىلەن: ئالتۇن، ياقۇت قاتارلىق زىننەتلەش بۇيۇملىرىنى ئاچسا ئۇ چاغدا ئالتاينىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرى تۈگىمەس بىر بايلىققا ئايلىنىشى مۇمكىن. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە يەككە ئىگىلىكتىكى ھەر خىل ساياھەت شىركەتلىرىنى ئېچىش ئالتاينىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان شەرت.

9. تۈنجى نېفت قۇدۇقىنى تېزلىك بىلەن ئېچىش

قازاقىستاننىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن زۇڭلىسى ئىسىنگالىن 1995 - يىلى 3 - ئايدا ئاچقان بىر قېتىملىق مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا زايسان رايونىدا نېفتلىكنى تاپقانلىقىنى ئاشكارىلىدى. زايسان ئالتاي ۋىلايىتىگە قوشنا، ئالتاي قاراماي بىلەن زايساننىڭ ئوتتۇرىسىدا. مانا بۇ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ يەر تېگىدە نېفت بايلىقىنىڭ بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئۇنداقتا بىز نېمە ئۈچۈن ئالتاي ۋىلايىتىدە بىرىنچى قېدىرىش قۇدۇقىنى ئاچمايمىز؟ ئەگەر ئالتاي ۋىلايىتىدە نېفت تېپىلسا، شۇ چاغدا ئالتاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

10. «شىمالنىڭ سۈيىنى جەنۇبقا يۆتكەش» قۇرۇلۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش

شىمالىي مۇز ئوكياننىڭ سۈيى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ ئېرتىش دەرياسى ئۇنى تولۇقلىمىسىمۇ بولىدۇ. خەلقئارالىق سۇ تالاش - تارتى-

شـىـنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدىغان ۋە ئېكولوگىيە-
لـىك مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق سالمىغان ئەھۋال
ئاسـتىدا ، « شىمالنىڭ سۈيىنى جەنۇبقا يۆتـ-
كەش » قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىپ ، ئېرتىش
دەريـاسىنىڭ سۈيىنى ئالتاي رايونى ھەتتا پۈتۈن
شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا
ئىشلەتسە ، بوز يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ئىشـ-
لەتسە بولىدۇ .

ئالـتاي ۋىلايىتىنىڭ جىمنەي ناھىيىسى
چېكرا سودىسىنى يولغا قويۇشتىن ئاۋۋال . ھەر
يىللىق مالىيە كىرىمى 500 مىڭ يۈەنگە يەتمەيتـ-
تى ، چېكرا سودىسىنى قانات يايدۇرغان 1992 ـ
ۋە 1993 ـ يـىللىرى مالىيە كىرىمى 1 مىليون يۈ
ەندىن ئاشتى ، 1994 ـ يىلى 2 مىليون 150 مىڭ
يـۈەنگە يەتتى . بۇ ئەمەلىيەت « چېكرا سودىسى
ئارقـىلىق چېگرىنى گۈللەندۈرۈش » ستراتېگىـ-
يـىسىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغانـ-
دىلا ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يولىنى ئۆزلۈكـ-
سىز ئاچقاندىلا ، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ چوقۇم قىـ-
يىنچىلىقتىن قۇتۇلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى .

# كېۋەزدىكى غوزا كېسىلىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش تېخنىكىسى

كـېۋەزدىكى غوزا كېسىلى كېۋەزنىڭ ئاـ-
خىرقى مەزگىلىدىكى ئاساسلىق كېسەللىك بوـ-
لـۇپ ، ئاساسلىقى كۆيدۈرگە كېسىلى ، قىزىرىپ
چىرىش كېسىلى ، قىزىل توزاڭ كېسىلى ، ھۆل
چىرىش كېسىلى ۋە ۋابا كېسىلى قاتارلىقلار ، بۇـ-
نىڭ ئىچىدە ۋابا كېسىلىنىڭ تارقىلىشى ھەممىدىن
ئېغىر . غوزا كېسىلى ئادەتتە 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇـ-
رىـلىرىدىن 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە تارقىلىدۇ .
كـېۋەزلەر باراقسان ، ئۈزۈلمەي يامغۇر ياغىدىغان
شـارائىتتا كېسەل تەگكەن غوزىلار 30% ـــ 40%
كە يېتىدۇ ، مەھسۇلات مىقدارى 10% ـــ 20% زىـ-
يـانغا ئۇچرايدۇ ، بۇ كېۋەزدىن سۈپەتلىك ، يۇـ-
قىرى مەھسۇلات ئېلىشتىكى توسالغۇ . سىناق ئەـ-
مەلىيىتىگە ئاساسلانغاندا تۆۋەندىكى تېخنىكىلارنى
قوللىنىش ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش ئۈنۈمىگە يەتـ-
كىلى بولىدۇ .

1 . ئېتىز باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ كېسەلـ-
لـىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش . ئىلمىي ئۇسۇلدا ئوـ-
غۇتلاش ، فوسفورلۇق ، كالىيلىق ۋە ئورگانىك
ئوغـۇتنى كۆپ بېرىش ، ئازوتلۇق ئوغۇتنى ھەدـ-
دىدىن كۆپ بېرىش ۋە كىچىكتۈرۈپ بېرىشتىن
ساقلىنىش كېرەك . چۈنكى كېيىنكى سۇنى ۋاقتىدا
چىقىرىۋېتىپ نەملىكنى تۆۋەنلىتىش كېرەك .
ئارتۇقچە بىخ ، بوش شاخ ۋە كونا يوپۇرماقلارنى
قىرقىۋېتىش ، مۇۋاپىق ۋاقىتتا كېسەل غوزىلارنى
يىغىش . بۇ تەدبىرلەرنىڭ كېۋەز تۈپلىرىنىڭ
نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ،
شامال ، نۇر ئۆتۈشۈش شارائىتىنى ياخشىلاش ،
كېسەلگە قارشى ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ،
كـېسەل غوزىلارنىڭ خەۋپىنى يېنىكلىتىش ،
كېسەل غوزىلارنىڭ زىيىنىنى ئازايتىشتا رولى ناـ-
ھايىتى چوڭ .

2 . مەھسۇلات ئاشۇرغۇچى باكتېرىيەلەرنى
پۈركۈپ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن بىرگە
مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش . مەھسۇلات ئاشۇرۇش
باكتېرىيىسى كېۋەزگە ئىشلىتىلسە كېسەللىكنىڭ
ئالـدىنى ئېلىش بىلەن مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشتا
كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ . 8 ـ
ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپ ھەر 667 كۋادرات مېتىر
يەرگە مەھسۇلات ئاشۇرغۇچى بېكتېرىيە سۇيۇقـ-

لىۇقىدىن 50 مىللىلىتر ياكى ئېرىشچان پاراشوكقا 40 — 50 كىلوگرام سۇ قوشۇپ بارلىق تۈپكە پۈركۈلىدۇ ، ئۇن كۈندە بىر قېتىمدىن 2 ـ 3 قېتىم پۈركۈلىدۇ . بۇ ئۇسۇلدا كېسەل غوزىلار %42.4 — %58.5 كىچە ئازلايدۇ ، كېسەلنىڭ ئال-دىنى ئېلىش ئۈنۈمى %55.3 — %64.6 كە ، مەھسۇلاتنىڭ ئېشىش نىسبىتى %15.6 — %21.4 كە يېتىدۇ .

3 . ھاشارات زىيانداشلىقىنى ۋاقتىدا كونترول قىلىپ غوزا كېسىلىنىڭ تارقىلىشىنى ئازايتىش . غوزا كېسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى كېسەللىك باكتېرىيىلىرى ئادەتتە غوزىلارنىڭ كېسەل تەككەن ئېغىزلىرىدىن ، يېرىقلاردىن كى-رىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، غوزا قۇرتى ، كېۋەز پەرۋانىسى ، قىزىل كۈسەك قۇرتى قاتارلىق زى-يانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىنى كونترول قىل-غاندا كېسەللىك باكتېرىيىلىرىنىڭ يۇقۇملاندۇ-رۇشنى ئازايتىپ كېسەللىكنىڭ تارقىلىشىنى يې-نىكلەتكىلى بولىدۇ .

4 . خىمىيىلىك دورىلارنى ئىشلىتىپ غوزا كېسىلىنىڭ خەۋپىنى كونترول قىلىش . غوزا كېسىلىنىڭ دەسلەپكى تارقىلىش مەزگىلىدە ( ئادەتتە 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى بولىدۇ ) ھەر 667 كۋادرات مېتر يەرگە 75 گرام %50 لىك ئې-رىشچان توپسىن پاراشوكىغا 50 گرام %15 لىك ئېرىشچان فېن شۇنىڭ پاراشوكى قوشۇپ ؛ ياكى 100 گرام %40 لىك ئېرىشچان يىلىڭلۇ پاراشوكىغا 50 گرام %50 لىك ئېرىشچان بائوستىن پارا-شوكى قوشۇپ ؛ ياكى 75 گرام %70 لىك ئېرىش-چان داسونىل پاراشوكىغا 75 گرام %41.6 لىك ئېرىشچان باۋلىڭ فېن پاراشوكى قوشۇپ ؛ ياكى 75 گرام %50 لىك ئېرىشچان توزىت پاراشوكىغا 75 گرام %65 لىك ئېرىشچان دىفار پاراشوكى قوشۇپ پۈركۈلىدۇ . يۇقىرىقى خالىغان بىر خىل ئۇسۇلغا 60 — 75 كىلوگرام سۇ قوشۇپ پۈتۈن تۈپلەرگە 8 — 10 كۈندە بىر قېتىم پۈركەلسە ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈنۈمى %80 تىن يۇ-قىرى بولىدۇ .

# كېۋەزنى ئۈستىدىن ئوغۇتلاشتا دىققەت قىلىدىغان مۇھىم نۇقتىلار

كېۋەزنى ئۈستىدىن ئوغۇتلاش كۆپ غو-زىلاش ، ئاز تۆكۈلۈش ، مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر ، تېرىشتىن بۇرۇن ئاستىدىن ئوغۇتلاشتىن باشقا ، ئۈستىدىن ئو-غۇتلاشنىڭ مۇۋاپىق بولۇش ـ بولماسلىقى كې-ۋەزنىڭ مەھسۇلات مىقدارىدا مۇھىم رول ئوينايـ-دۇ . قانداق قىلغاندا ئۈستىدىن ئوغۇتلاشنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ ؟

1 . ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئوغۇتلاش . كېۋەز ئوخشاش بولمىغان يېتىلىش باسقۇچىدا ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىش مىقدارى ئوخشاشمايدۇ . ئادەتتە مايسا مەزگىلىدە كېۋەز تۈپلىرى قوبۇل قىلىدىغان ئوزۇقلۇق مىقدارى كېۋەزنىڭ مايسا مەزگىلىدىن پىششىق مەزگىلىگىچە بولغان جەر-ياندا قوبۇل قىلىدىغان ئومۇمىي ئازوت مىقدارىنىڭ %6.36 ، فوسفور مىقدارىنىڭ %5.19 ، كالىي مىقدارىنىڭ %9.62 نى ئىگىلەيدۇ . چېچەك مەز-گىلىدە ئازوت مىقدارىنىڭ %34.95 نى ، فوسفور مىقدارىنىڭ %21.04 نى ، كالىي مىقدارىنىڭ %31.31 نى ئىگىلەيدۇ . غوزا مەزگىلىدە ئازوت

مىقدارىنىڭ 56.88% نى فوسفور مىقدارىنىڭ 74.72% نى ، كالىي مىقدارىنىڭ 55.88% نى ئىگىلەيدۇ . كېۋەزنىڭ ئوغۇتقا بولغان ئېھتىياج قانۇنىيىتىگە ئاساسەن مايسا ، چېچەك ، غوزا ۋە ئۈستىدىن ئوغۇتلاش ئەھۋالىنى ياخشى ئىگىلەش كېرەك . 667 كۋادرات مېتىر يەرگە بەش كىلوگرام ئورېيا بېرىلسە مايسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ . چېچەك مەزگىلىدە 7.5 كىلوگرام ئورېيا ، 20 كىلوگرام فوسفورلۇق ئوغۇت ، 7.5 كىلوگرام كالىيلىق ئوغۇت قوشۇپ بېرىلسە كېۋەز تۈپلىرى مۇقىم ئۆسىدۇ . غوزا مەزگىلىدە 12.5 كىلوگرام ئورېيا بېرىلسە ئوغۇتقا بولغان يۇقىرى ئېھتىياجنى قامدايدۇ ، غوزا كۆپ بولىدۇ ، ئاز تۆكۈلىدۇ . كېيىنكى مەزگىلدە بالدۇر نابۇت بولۇش ئېھتىمالى بولغاندا ئېتىزلارغا 5 كىلوگرام ئورېيا بېرىلسە ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ .

2 . نەملىك ياخشى ئەھۋالدا ئۈستىدىن ئوغۇتلاش . نەملىك ياخشى بولسا ئوغۇت ئاسان ئېرىپ قوبۇل قىلىشقا پايدىلىق . ئەگەر نەملىكى ياخشى بولمىسا ئاۋۋال سۇغىرىپ ئاندىن ئۈستىدىن ئوغۇتلاش كېرەك . ھەرگىز ئاۋۋال ئوغۇتلاپ ئاندىن سۇغۇرىشقا ياكى بىر تەرەپتىن سۇغىرىپ بىر تەرەپتىن ئوغۇتلاشقا بولمايدۇ ، بۇنداق بولغاندا ئوغۇت ئاسانلا سۇ بىلەن قوشۇلۇپ يەر ئاستىغا سىڭىپ كېتىدۇ .

3 . يامغۇردىن كېيىن ئۈستىدىن ئوغۇتلاش . ئەگەر ئۈستىدىن ئوغۇتلاش ۋاقتىدا يامغۇر يېغىپ كەتسە يامغۇردىن كېيىن ئوغۇتلاش كېرەك . يامغۇر بىلەن تەڭ ئوغۇتلىماسلىق كېرەك . يامغۇر بىلەن تەڭ ئوغۇتلىغاندا يېغىن مىقدارى ئاز بولۇپ قالسا ئوغۇت كۈن نۇرىدا پارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ . ھۆل يېغىن كۆپ بولۇپ كەتسە يامغۇر سۈيى بىلەن تەڭ يەر ئاستىغا سىڭىپ كېتىپ يىلتىز قوبۇل قىلالمايدۇ .

4 . چوڭقۇر ئوغۇتلاش . چوڭقۇر ئوغۇتلىغاندا ئوغۇتنىڭ ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ئوغۇت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ ، چۆنەك ياكى ئورا كولىسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ ، چوڭقۇرلۇقى 10 — 14 سانتىمېتىر بولسا بولىدۇ . ئومۇمەن ئوغۇتلاپ بولغاندىن كېيىن ئۈستىنى توپا بىلەن يېپىپ كۈن نۇرى چۈشۈشتىن ، يامغۇر ئېقىتىپ كېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك ، بۇنداق بولغاندا يىلتىز ئاسان سۈمۈرۈۋېلىپ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ .

## سۇلياۋ يوپۇقنى ساقلاشتا دىققات قىلىدىغان ئىشلار

1 . پاسكىنا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش . دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇقلارنىڭ ھەممىسى ئوچۇقچىلىقتا ئىشلىتىلىدۇ ، ئۈستىگە چاڭ — توزاڭلار كۆپ يىغىلىپ يورۇقلۇقنىڭ ئۆتۈشىگە تەسىر يېتىدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن ، ساقلاشتىن بۇرۇن سۇلياۋ يوپۇقنى پاكىزە يۇيىۋېتىش كېرەك .

2 . قاتلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش . سۇلياۋ يوپۇقنى ئەڭ ياخشىسى يۇمىلاق ياغاچقا ئوراش كېرەك . قاتلاشتىن ساقلىنىش كېرەك . چۈنكى قاتلانغان ئورۇن ئوڭاي يىرتىلىدۇ . يەنە بېسىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك . سۇلياۋ يوپۇق ئۇزاق مۇددەت بېسىمغا ئۇچرىسا چاپلىشىپ قېلىپ ، قايتا ئىشلەتكەندە يىرتىلىپ كېتىدۇ .

3 . يۇقىرى ھارارەت ، يۇقىرى نەملىكتىن ساقلىنىش . سۇلياۋ يوپۇق يۇقىرى ھارارەتتە ئاسان يىرتىلىپ كېتىدۇ . يۇقىرى نەملىكتە ئاسان چاپلىشىپ قالىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ساقىن ،

قۇرغاق ، شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان جايدا ساقلاش كېرەك .

4 . چىرىشتىن ساقلىنىش . سۇلياۋ يوپۇقنى ئاممونىي سۇلفات ۋە ئاممىياكلىق سۇ قاتارلىق چىرىتكۈچى ماددىلار بىلەن بىرگە قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك . ئاممىياكلىق سۇ ئۇچۇۋچان بولۇپ سۇلياۋ يوپۇقنى ئېرىتىۋېتىپ ئىشلىتىش ئۆمرىنى قىسقارتىۋېتىدۇ .

## قىرغىزىستاننىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىدا ئۈمىد بار

قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى 1995 - يىلى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش نەتىجىلىرىنى خۇلاسىلىغاندىن كېيىن ، زۇڭلى A . ژۇماگۇلوۋ مۇناسىۋەتلىك يىغىنلاردا : ئۆتكەن بىر يىلدا ھۆكۈمەت بازار رىقابەت مېخانىزمىنى كۈچەيتتى ، كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى ، ئېكسپورتنى ئىلگىرىلىگەن خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى ، دەپ كۆرسەتتى ، ھازىرقى ئەھۋال شۇنى بىلدۈرىدىكى ، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مال - مۈلۈك فوندىنى بۆلۈپ چىقتى . شۇ تۈپەيلىدىن يېڭى بىر يىلدا بىر قاتار سانائەت كارخانىلىرى مۇقىملاشتى ھەمدە ئۇگۇشلۇق ھالدا يېڭى بازارلارنى ئىگىلىدى . ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ، ئۇلارنىڭ ئۇزاق بولمىغان كەلگۈسىدە ئىقتىسادىي كىرىزىستىن قۇتۇلۇپ چىقىشىدا ئۈمىد بار بولدى ، دەپ قاراشتى .

بىراق ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئەھۋالى ئانچە كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس . قىرغىزىستاننىڭ سانائىتى ، يېزا ئىگىلىكى ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇشىدا 1995 - يىلى ئىلگىرىلەش بولمىدى ، ھەتتا 1994 - يىلىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي سانىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى خۇسۇسىي مەھسۇلاتلاردۇر . يېزا ئىگىلىكى ساھەسىنىڭ خۇسۇسىي تەركىبى 75% نى ئىگىلەيدۇ . پارچە سېتىش سودىسىدىكى خۇسۇسىي تەركىب بولسا 90% تىن كۆپرەكنى ئىگىلەيدۇ .

زۇڭلى ، ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدە بازار ئېھتىياجىغا تەدرىجىي ماسلاشتى ، دەپ كۆرسەتتى . مەخسۇس ئورگان PESAC ، كارخانىلارنى رەتلەش ۋە ئېنىقلاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ ، بۇ ئورگان خەلقئارالىق تاشقى پېرۋوت فوندى جەمئىيىتى ۋە دۇنيا بانكىسىنىڭ ھەمكارلىشىشى ۋە نازارەت قىلىشى ئارقىسىدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سوممىسىغىمۇ يېتەلمىدى . گەرچە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۆۋەنلەش سۈرئىتى زور دەرىجىدە ئاستىلىغان ، ھۆكۈمەتمۇ پۇلنىڭ پاخاللىشىشىنى ئۈنۈملۈك ھالدا كونترول قىلغان ، مالىيە قىزىل رەقىمىمۇ قىسقارغان بولسىمۇ لېكىن ، ئىقتىساد تۈپتىن ياخشىلانمىدى .

خۇددى دۆلەتلىك ستاتىستىكا كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئاگانىيېۋنىڭ مۇشۇ ئەھۋاللارغا باھا بەرگىنىدەك : ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۆۋەنلەش سۈرئىتى ھەقىقەتەنمۇ زور دەرىجىدە ئاستىلىدى . ئەگەر 1992 - يىلىدىن 1994 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ھەر يىلى مەھسۇلات مىقدارى 15% - 20% كېچە كېمەيگەن بولسا ئۇنداقتا 1995 - يىلىنىڭ مەھسۇلات ئومۇمىي مىقدارى جەمئىي 6.2% كېمەيگەن . سانائەتنىڭ تۆۋەنلەش يۈزلىنىشى ئانچە گەۋدىلىك بولمىسىمۇ بىراق ئىنتايىن كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغان . 1992 - يىلىدىن 1994 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنراقتا سېلىشتۇرغاندا سەككىز تۈرنىڭ مەھ-

سۇلات ئومۇمىي مىقدارى 20% كېمىيىشتىن 12% كە چۈشكەن. چۈنكى ھەر ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئون كارخانىنىڭ ئىككىسى ئىشتىن توختىغان.

بۇ خىل ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب پۇل تۆلەشنى كېچىكتۈرگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. زۇگىلى ئۆز سۆزىدە مۇشۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى: كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى تۆلەشنى كېچىكتۈرگەن پۇل مىقدارى 8 مىليارد سوم بولۇپ، ھازىرغا قەدەر 1995 - يىلنى قوشقاندا 100 مىليون سوملۇق قوشۇمچە ياردەم پۇل ۋە مائاش پېنسىيىگە چىققانلار ۋە قۇتقۇزۇش پۇلى ئالىدىغانلار قولىغا تاپشۇرۇلمىغان.

ئاگانىيېۋ يەنە: «مەن يەنە خەلقئارالىق راسچوت مەسىلىسىنى كۆرسەتمەكچىمەن. دەسلەپكى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى مەزگىلىدە، خەلقئارالىق بانكا بۇ خىل خىزمەتنى قانات يايدۇرمىغان. ھازىر دۆلەت بانكىسىدىكى پۇل بىلەن مەھسۇلاتلارنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ.

قىرغىزىستاننىڭ پۇلى سوم نۆۋەتتە ھەقىقەتەنمۇ بىر قەدەر قىممەتكە ئىگە. لېكىن، «قىممەتكە ئىگە» بولۇشى 60% - 70% لىق ئامېرىكا دوللىرىنىڭ مەدەت بېرىپ تۇرغانلىقىدا. بۇ تېرەك بولمىسا، ھەممە نەرسە يوققا چىقىدۇ» دېگەن. گەرچە ھازىر سانائەت پايدا ئالالمىغان بولسىمۇ، «مالىيە مۇقىملىقى» كرېدىت (ئامېرىكا دوللىرى) نىڭ قوللىشىغا تايىنىدۇ. بىراق، ھەممىسى سانائەتنى قوللىشى كېرەك.

يەرلىك مەمۇرىي رەھبەرلەر ۋە سانائەت مۇتەخەسسىسلىرى: دۆلەتنىڭ قانۇن ۋە باج تۈزۈمى داۋاملىق رولىنى جارىي قىلمايدۇ، ئەكسىچە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى توساپ، مەبلەغ سېلىشنى كونترول قىلىدۇ، دېيىشتى. ئۇلار ھۆكۈمەتتىن زۇگىتولى ئاقايېۋنىڭ ھوقۇقىنى كېڭەيتىشنى ئۈمىد قىلدى. ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىچە، شۇنداق قىلغاندا ئاندىن ئىسلاھاتنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتكىلى ۋە ئۈزۈل - كېسىل قىلغىلى بولىدۇ.

# قازاقىستان غەرب ئەللىرىدىن ئالغان قەرز پۇلنى ۋاقتىدا قايتۇرۇۋەتتى

چەت ئەللەردىكى گېزىت - ژۇرنال ماتېرىياللىرىدا خەۋەر قىلىنىشىچە، قازاقىستان 1995 - يىلى قايتۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان ب د ت پۇل فوندى تەشكىلاتىدىن ئالغان قەرز پۇل ۋە باشقا قەرز پۇللارنىڭ ھەممىسىنى تۆلەپ بولدى.

. مەبلەغ سېلىش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، قازاقىستان ھۆكۈمىتى يېڭى باج تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئۇسۇلىنى قوللاندى. بۇ يېڭى باج تۈزۈمى 1996 - يىلى 4 - ئايدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان. قازاقىستان ھۆكۈمىتى 1995 - يىلىنىڭ كىرىم - چىقىم بالانس بولۇشىنى ساقلىغاچقا، غەرب ئەللىرىدىكى ھەر قايسى بانكا، مالىيە گۇرۇھىدىكىلەر يۇقىرى باھا بەردى. 1995 - يىلى قازاقىستاننىڭ دۆلەت مالىيە قىزىل رەقىمى 3.5% ئەتراپىدا كونترول قىلىنىپ، يىل بېشىدا بەلگىلەنگەن سان بىلەن مۇۋاپىق بولدى.

قازاقىستان تاشقى ئىقتىساد بانكىسى ستراتېگىيىلىك پىلان باشقارمىسىنىڭ باشلىقى شىنزات بولانبا يېۋا: «قەرز پۇل ئېلىشقا نىسبەتەن بىزنىڭ سىياسىتىمىز ناھايىتى ئېھتىياتچان،

يېڭى قەرز پۇلنى قوبۇل قىلىش جەھەتتە بىزدە ھېچقانداق مەسىلە يوق . چەت ئەل بانكىلىرىنىڭ قەرز پۇلنى جەلپ قىلىشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ياخشى ئىشلەنگەچكە ، يېقىندا بىر نەچچە غەرب ئەللىرىدىكى بانكىلار قازاقىستاننى يېڭى قەرز پۇل بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى » ، دېدى . ئۇ يەنە ، 1996 ـ يىلى قازاقىستاننىڭ دۆلەت مالىيە خام چوتى 250 مىليون دوللار ئېكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى ، ھەممە « خام چوت ئەمەلىي چىقىمدىن يۇقىرىراق بولدى » ، دەپ چۈشەندۈردى .

ب د ت پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىلى مارك خوردىن ئەپەندى : قازاقىستان ھۆكۈمىتى ۋاقتى توشقان بارلىق قەرزلەرنى تۆلەپ بولۇپ ، ئادەمنى ئىشەندۈرىدىغان قەدەمنى تاشلىدى ، دەپ ئېلان قىلدى . ب د ت پۇل فوندى تەشكىلاتى مۇشۇ ئاساستا ، نېفىت زاپىسى مول ، بىراق ئېچىش تېخنىكىسى تېخى تەرەققىي قىلمىغان بۇ دۆلەتكە ئۈچ تۈركۈم قىممىتى 185 مىليون دوللار كېلىدىغان قەرز پۇل بېرىشنى مۇزاكىرە قىلغان . بۇ تۈركۈم قەرز پۇل پىلانى 1996 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان .

قازاقىستان بىر مەزگىل خەلقئارالىق قەرز پۇلنى ۋاقتىدا قايتۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن ، نۇرغۇن چەت ئەل مەبلەغ سالغۇچىلىرى جۇمھۇرىيەتنىڭ نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئېچىشتىكى بىر نەچچە ئەڭ مۇھىم قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ مەبلىغىنى توڭلىتىپ قويغان ئىدى . ھازىر ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالاش پىكىرلىرىگە ئاساسەن ، ئۇ دۆلەتلەرنىڭ پۇل مۇئامىلە ئورگانلىرى نېفىت ، تەبىئىي گاز قۇرۇلۇشىنىڭ بارلىق قەرز پۇل بېرىش تۈرلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى . دۇنيا بانكىسىنىڭ ۋەكىلى چارلىز . خالمان « تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلەتكەن بۇ دۆلەتكە 62 مىليون دوللار قەرز پۇل ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

گېرمانىيە مەبلەغ سېلىش ۋە سۇغۇرتا كونسېرن « گېرمىس » شىركىتى مالىيە گۇرۇھىنىڭ 1995 ـ يىلى ئېشىپ قالغان 1 مىليارد 200 مىليون ماركنى قازاقىستانغا مەبلەغ سېلىش ئۈچۈن قەرزگە بېرىدىغان بولغان . بۇ مالىيە گۇرۇھى قەرزگە بېرىدىغان پۇل مىقدارىنى 100 مىليون مارك قىلىشى مۇمكىن .

يېقىنقى بىر مەزگىلدە قازاقىستان چەت ئەل مەبلىغىنى بولۇپمۇ تىنچ ئوكيان ۋادىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ مەبلىغىنى پائال ئىزدىدى .

1995 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ باشلىرى قازاقىستاننىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن زۇڭلىسى H . ئىسىنگالىن ، ئامېرىكا كالىفورنىيە ئىشتاتى سان ـ دېيگو شەھىرىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان « قازاقىستان 95 ـ يىلى ئۆزئارا چۈشىنىشتىن ھەمكارلىشىشقا قاراپ ماگدى » تېمىسىدىكى سودا چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ، ئامېرىكا ۋە قازاقىستاننىڭ سودا ساھەسىدىكى ئاتىقى چىققان ئادەملەرگە : دۆلىتىمىز نېفىت ، تەبىئىي گاز ، ئالتۇن ، كۆمۈر ۋە ئۇران قاتارلىق تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىش ئۈچۈن ئۇزۇن مەزگىللىك مەبلەغ سېلىشقا مۇھتاج ، دەپ ئېلان قىلدى .

قازاقىستان زۇڭلىسى ئاقىنجان كاژ گالىكىنمۇ 1995 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ باشلىرى ، غەرب نېفىت شىركەتلىرى بىلەن نېفىت ئاققۇزۇش تۇرۇبىلىرىنى قۇرۇپ ، قازاقىستاننىڭ نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ناسوسلىرىنى « غەرب بازارلىرى » غا ئېلىپ بېرىش كېلىشىمىنى ئىمزالىغانلىقىنى ئېلان قىلغان . قازاقىستاندىكى ئەڭ چوڭ بانكا — « АБН—АМРО » نىڭ باشلىقى : ھازىرقى باسقۇچتا قازاقىستاننىڭ تەرەققىياتى ، غەرب نېفىت كاتتىباشلىرىنى نېفىت ئاققۇزۇش تۇرۇبىلىرىنى ئېكسپورت قىلىش قۇرۇلۇشىغا قاتناشتۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ ، دېدى .

# 1996 - ۋە 1997 - يىللىرى پۈتۈن يەر شارىنىڭ ماي ئىمپورتى يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ

گېرمانىيە « ماي دۇنياسى » ژۇرنىلىنىڭ مۆلچەرلىشىچە ، 1996 - ۋە 1997 - يىللىرى (9 - ئاي ۋە 10 - ئايلار ) پۈتۈن يەر شارىنىڭ ماي ئىمپورت قىلىش مىقدارى 15 مىليون 500 مىڭ توننىغا يېتىپ ، 1995 - ۋە 1996 - يىللارغا سېلىشتۇرغاندا 1 مىليون 100 مىڭ توننا كۆپىيىپ ، ئىمپورت مىقدارى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى رىكورتنى ياراتقان .

جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىمپورت مىقدارىنىڭ ئۆسۈشى ئەڭ تېز بولۇپ ، 25% بولىدىغانلىقى ۋە 3 مىليون 700 مىڭ توننىغا يېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى ؛ ياۋروپا ئىتتىپاقى ، ئىران ، بېنگال ، پاكىستان ، ياپونىيە ، جۇڭگو ، تەيۋەن ، تايلاند ، تۈركىيە ، ۋېنېسۇئېلا ، كولومبىيە ، نىگېرىيەلەرنىڭ ئىمپورت مىقدارىمۇ مەلۇم مىقداردا ئاشقان . « ماي دۇنياسى » نىڭ مۆلچەرلىشىچە ، 1996 - يىلى 10 - ئايدا پۈتۈن يەر شارىنىڭ ماي زاپىسى 5 مىليون 200 مىڭ توننىغا يېتىپ ، بىر يىل ئاۋۋالقىغا سېلىشتۇرغاندا 700 مىڭ توننا ئازلاپ كېتىدىكەن . « ماي دۇنياسى » نىڭ سانلىق مەلۇماتى ، 20 دۆلەتنىڭ 17 خىل ئاساسلىق ماينى ستاتىستىكىلاش ئارقىلىق قولغا كەلگەن .

1996 - يىل ۋە 1997 - يىللىرى 20 دۆلەتنىڭ ئىستېمال مىقدارى 60 مىليون 900 مىڭ توننا بولۇپ ، 1995 - ۋە 1996 - يىللىق 59 مىليون 100 مىڭدىن يۇقىرى بولغان .

1996 - ، 1997 - يىللىق يېمەكلىككە ئىشلىتىدىغان ماينىڭ ئىمپورت ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كەتكەن قىسمىنى ئاساسلىقى مالايسىيە ۋە ھىندونېزىيەلەرنىڭ پالما مېيى بىلەن تولدۇرغان . ئۇنىڭدىن قالسا پۇرچاق مېيى ۋە باشقا يېمەكلىككە ئىشلىتىدىغان مايلاردۇر .

ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ 1996 - ، 1997 - يىللىرىدىكى ئىمپورت مىقدارى 10% ئېشىپ 2 مىليون 400 مىڭ توننىغا يېتىدۇ . ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ پالما مېيى ، پۇرچاق مېيى ۋە زەيتۇن يېغى قاتارلىقلارغا بولغان ئېھتىياج مىقدارى كۆپىيىدۇ ، لېكىن ، قىچا مېيى ۋە ھايۋانات مېيىغا بولغان ئېھتىياج مىقدارى تۆۋەنلەيدۇ . جۇڭگو ئۆسۈملۈك مېيىنى ئىمپورت قىلىشنى چەكلەش سىياسىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقتىن ، 1996 - ۋە 1997 - يىللىرىدىكى ئىمپورت مىقدارى 23% ئېشىپ ، 4 مىليون 200 مىڭ توننىدىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ . 1995 - ۋە 1996 - يىللىرىنىڭ ئىمپورت مىقدارى تەخمىنەن 3 مىليون 350 مىڭ توننا بولىدۇ .

# تاشقى سودىدا ئىككى بۆرۈلۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش نۆۋەتتىكى جىددىي ئىش بولۇپ قالدى

90 - يىللاردىن بۇيان ، دۆلىتىمىزنىڭ تاشقى ئىقتىسادىي سودىسى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندى . لېكىن ، ئىسلاھاتنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشى ۋە خەلقئارا بازارلارنىڭ خىلمۇ -

خىل ئۆزگىرىشلىرىگە ئەگىشىپ ، مەملىكىتىمىز-
نىڭ تاشقى ئىقتىسادىي سودا خىزمەتلىرى ئېغىر
ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىپ قالدى . بۇنىڭ ئۈچۈن ،
تاشقى ئىقتىسادىي سودا كارخانىلىرىنىڭ ئىككى
بۇرۇلۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تېزلىتىشى نۆ-
ۋەتتىكى جىددىي ئىش بولۇپ قالدى .

نۆۋەتتە ، مەملىكىتىمىزدىكى تاشقى سودا
كارخانىلىرىدا زىيان تارتىش كۆلىمى چوڭ ،
پۈتۈن گەۋدە ئىقتىسادىي پايدىسى ياخشى ئە-
مەس . قىيىنچىلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى
بىۋاستە سەۋەبلەر ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەردىن
ئىبارەت : ئېكسپورت باج قايتۇرۇش نىسبىتى
زور كۆلەمدە تۆۋەنلەپ كەتتى ، ئېكسپورت باج
قايتۇرۇش ئارقىدا قالدى ، قەرز پۇل ئېلىش دائى-
رىسى يېتەرسىز ، دۆلەت ئىچىدە مال باھاسى
ئۆرلەپ كەتتى ، ئۆسۈم يۈكى ئېغىر قاتارلىقلار .
ئۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بەزىبىر چوڭقۇر
قاتلامدىكى مەسىلىلەرمۇ ئاشكارىلاندى : كۆپ
يىللاردىن بۇيان ، دۆلىتىمىز ئېكسپورت مەھ-
سۇلاتلىرىنىڭ تۈزۈلمىسىنى رەتكە سېلىش بىر
قەدەر ئاستا بولدى ، يۇقىرى تېخنىكا ، يۇقىرى
قوشۇمچە قىممەتلىك ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرى-
نىڭ نىسبىتى يۇقىرى بولمىدى ؛ تاشقى سودا
تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەريانىدا زور بىر قىسىم
تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت ئۇقۇمى ۋە
تىجارەت مېخانىزمى خەلقئارالىق بازارلارنىڭ
كەسكىن رىقابىتىگە تېخى ماسلىشىپ كېتەلمەيدۇ
؛ كۆپ سانلىق تاشقى سودا شىركەتلىرىنىڭ تى-
جارەت كۆلىمى كىچىك ، ھازىرغىچە بىر قېتىمدىلا
بىراق سېتىۋېلىشتەك تىجارەت ئۇسۇلىدا توختاپ
قالغان قاتارلىقلار .

كۆز ئالدىمىزدىكى ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىمىز
دېسەك ، ئالدى بىلەن تاشقى سودا تەرەققىيات
ئۇسۇلىنى نوقۇل ھالدا تاشقى پېرېۋوت يارىتىش
كۆرسەتكۈچىنى تاماملاشتىن ، پايدىغا ، ئىنا-
ۋەتكە ، سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرىشكە ئۆزگەرتىپ ،
مۇشۇ ئاساستا كۆپرەك ئېكسپورت قىلىپ ،
كۆپرەك تاشقى پېرېۋوت يارىتىش لازىم . ئىك-
كىنچىسى ، تاشقى سودا تىجارەت ئۇسۇلىنى مو-
نوپول تىپلىق سېتىۋېلىش تۈزۈمىدىن مۇلازىمەت
تىپلىق ۋاكالىتەن تۈزۈمگە ئۆزگەرتىش لازىم .
ئۈچىنچىسى ، پائال ھالدا بازارنىڭ كۆپ مەنبەلى-
شىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، ئەنئەنىۋىي بازارلارنى
ساقلاش ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ئېچىش ، ئې-
كسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنىڭ قۇرۇلمىسىنى
نۇقتىلىق ھالدا ياخشىلاپ ، تاۋارلارنىڭ سۈپى-
تىنى ، دەرىجىسىنى ، قوشۇمچە قىممىتىنى ئۆس-
تۈرۈش ، سېتىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەتنى ياخ-
شىلاپ ، ئىناۋەتكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم . ئۇ-
نىڭدىن باشقا ، يېڭى بازارلارنى ئېچىپ ، بازارلار-
نىڭ كۆپ مەنبەلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش
لازىم .

## جۇڭگو ، پاكىستان ، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانلار چېگرىدىن ئۆتۈش ترانسپورتىغا مۇناسىۋەتلىك كېلىشىملەرنى ئىمزالىدى

جۇڭگو ، پاكىستان ، قازاقىستان ۋە قىر-
غىزىستاندىن ئىبارەت تۆت دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى
7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى « تۆت دۆلەتنىڭ چېگ-
رىدىن ئۆتۈش ترانسپورت كېلىشىمى » نى يۈر-
گۈزۈشتە چېگرىدىن ئۆتىدىغان ماللارنىڭ تاموژنا
تەرتىپى ۋە پاسپورت ، ۋىزا تۈزۈمىگە مۇناسىۋەت-
لىك كېلىشىملەرنى ئىمزالىدى .

بۇ تۆت دۆلەت ئۆتكەن يىلى 3 ـ ئاينىڭ

9 ـ كۈنى ئىسلامئابادتا « تۈت دۆلەتنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈش ترانسپورت كېلىشىمى » نى ئىمزالىغان، بۇ يىل 5 ـ ئاي بېشىكېتە بىرىنچى قېتىملىق خىزمەت گۇرۇپپىسى يىغىنىنى ئاچتى. شۇ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 6 ـ كۈنىگىچە بۇ تۆت دۆلەت ئىسلامئابادتا يەنە بىر قېتىملىق يىغىن ئېچىپ، چېگرىدىن ئۆتۈش ترانسپورتىغا مۇناسىۋەتلىك تاموژنا تەرتىپى قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى. كېلىشىمدە ئاساسلىق چېگرىدىن ئۆتىدىغان ماللار ھەمدە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى چېگرىدىن كىرىش ـ چىقىش رەسمىيەتلىرىگە تەپسىلىي بەلگىلىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، چېگرىدىن ئۆتۇش ترانسپورتىدا تاموژنا رەسمىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. تۆت دۆلەت ۋەكىللىرى، « چېگرىدىن ئۆتۈش ترانسپورت كېلىشىمى » نىڭ تۆت دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد ۋە سودىنىڭ راۋاجلىنىشىنى كۈچلۈك ھالدا ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

مۆلچەرلەشلەرگە ئاساسلانغاندا، تۆت دۆلەت تاموژنا تەرتىپىگە مۇناسىۋەتلىك كېلىشىمنامىنى ئىمزالىغاندىن كېيىن، بىرىنچى تۈركۈمدىكى يۈك توشۇش ماشىنىلىرى بۇ يىل 10 ـ ئايدا چېگرا تاش يولىدىن ئۆتىدىكەن.

# روسىيىلىكلەر جۇڭگونىڭ ئالاھىدە كۆكتاتلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ

ھازىر روسىيە بازارلىرىدا بولۇپمۇ روسىيىنىڭ پايتەختى موسكۋادا كۆكتات كەم بولماقتا، روسىيىلىكلەر جۇڭگونىڭ ئالاھىدە كۆكتاتلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ، نۇرغۇنلىغان سودىگەرلەر جۇڭگودىن ئالاھىدە كۆكتاتلارنى ئىمپورت قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ئالاھىدە كۆكتاتلار: ساقلىقنى ساقلاش كۆكتاتلىرى. مەسىلەن: پۇرچاق، مۇر ۋە موگۇ قاتارلىقلاردىن ياسالغان كونسېرۋالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، كۆكتاتنىڭ ئەسلىدىكى تەمىنى ساقلاپ قېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ئوزۇقلۇق تۈرىدىكى كۆكتاتلار، ئامىنوكىسلاتاسى بىر قەدەر كۆپ بولغان زىرائەت ھۆجەيرىلىرىنى يەنە بىر خىل كۆكتاتقا يۆتكەپ، ئۇ كۆكتاتلارنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبىنى كۆپ خىللاشتۇرىدۇ؛ پىرىسلانغان كۆكتاتلار، يېڭى كۆكتاتنى يۇيۇپ تازىلىغاندىن كېيىن، توڭلىتىپ پرېسلاپ تەييارلايدۇ، بۇ خىل كۆكتاتنىڭ ھەجمى يېڭى ئۈزۈۋېلىنغان كۆكتات ھەجمىنىڭ 15 دىن بىر قىسمىغا تەڭ كېلىدۇ، ئېغىرلىقىمۇ بىر قەدەر يېنىك بولىدۇ، توشۇشقا، ساقلاشقا ۋە يېيىشكە قولايلىق؛ ئىجتىمائىي ئاپىتى يوق كۆكتاتلار، بۇ خىل كۆكتاتلار تۇراقسىز ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ئۆستۈرۈلىدۇ، ئوغۇت بېرىلمەيدۇ، كۆكتات ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئالاھىدە ياسالغان پەتنۇس بولىدۇ، كۆكتات ئۆسۈپ چىققاندىن كېيىن، سۈزۈك زەھەرسىز سۇلياۋ بىلەن ئوراپ قويۇلىدۇ، بۇ خىل كۆكتاتنى سېتىۋالغاندىن كېيىن خالىغان ۋاقىتتا ئۈزۈپ يېيىشكە بولىدۇ؛ ئورۇقلىتىش رولى بار كۆكتاتلار، بۇ خىل كۆكتاتلارنىڭ تەركىبىدە كالتسىي، ۋىتامىن $B_1$، $B_2$، C لار مول بولۇپ، ئاز مىقداردىكى ۋىتامىن A بار، بۇ خىل كۆكتاتنىڭ ئىسسىقلىق مىقدارى تۆۋەن بولىدۇ.

# قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئەتكەسچىلىك ساختا تاۋارلارغا زەربە بەردى

1995 - يىلى يازدىن باشلاپ، قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئەتكەسچىلىك ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىش پائالىيىتىنى كۈچەيتىپ ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىستېمال بېجى ئاشقان لېكىن ماركا بېجى يوق تاۋارلارنى سېتىش مەنئىي قىلىندى؛ دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىلغان مۇشۇ تۈردىكى تاۋارلارنى 1995 - يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن باشلاپ سېتىش چەكلەندى؛ ئىمپورت قىلىنغان تاماكا مەھسۇلاتلىرىنى 1995 - يىلى 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن باشلاپ، سېتىش چەكلەندى، ئىسپىرتلىق مەھسۇلاتلار ۋە پىۋا قاتارلىقلارنى 1996 - يىلى 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن باشلاپ سېتىش مەنئىي قىلىندى. لېكىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، سودا تارماقلىرى ۋە بازارلاردىكى نۇرغۇنلىغان تاماكىلارنىڭ 1995 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئاۋۋال ئىمپورت قىلىنغانلىقى، 1995 - يىلى 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگە قەدەر يەنىلا زور مىقداردا ساقلىنىۋاتقانلىقى بايقالدى، شۇڭا قازاقىستان ھۆكۈمىتى سېتىش مەنئىي قىلىنغان مۇددەتنى 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇزارتتى.

قازاقىستان خەلق بانكىسى ئىستېمال بېجى ماركىسىنى باستى. ئىسپىرتلىق مەھسۇلاتلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئىستېمال بېجى ماركىسىدا ساختىلىقتىن ساقلىنىدىغان تۆت خىل بەلگە بار يەنى، سۇ باسما، ئالاھىدە سۈركەلگەن تاشقى قەۋەت، كىچىكلىتىپ بېسىش ۋە ئۇلترا بىنەپشە نۇر ئاستىغا تۇتقاندا قازاقىستاننىڭ دۆلەت گېربىنى كۆرۈنۈش قاتارلىقلار. ئىقتىسادىي كومىتېت ئىسپىرتلىق تاۋارلارنى سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماركا بېجى بېلىتىنى سېتىۋېلىشى ۋە تىجارەت جەريانىدا ماركا بېجى بېلىتىنى ئاساس قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا بىر نەچچە قېتىم ئۇقتۇرۇش چىقاردى. قازاقىستاندىكى ئىشلەپچىقارغۇچىلار باج ئورۇنلىرىدىن ماركا بېجى بېلىتىنى سېتىۋالىدۇ. ئىمپورت سودىگەرلىرى تاموژنا باج يىغىش ئورۇنلىرىدىن ماركا بېجى بېلىتىنى سېتىۋالىدۇ. ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ ئىستېمال بېجى ئادەتتە بىر قاپ تاماكىغا 0.01 ياۋروپا پۇل بىرلىكى، ئىسپىرتلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ھەر بىر بوتۇلكىسىغا 0.2 ياۋروپا پۇل بىرلىكى تاپشۇرۇلىدۇ.

1996 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، ئىمپورت قىلىنغان تاماكىنىڭ ئىستېمال بېجى ماركا بېلىتى يوق بولسا سېتىش مەنئىي قىلىنىپ، ماركا بېجى بېلىتى يوق تاۋارلار مۇسادىرە قىلىندى. ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرنىڭ ماركا بېجى يوق بولسا 1996 - يىلى 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن باشلاپ سېتىش مەنئىي قىلىندى. دۆلەت مالىيە مىنىستىرلىكى، ماركا بېجى بېلىتىنى ئىشلەتكەندىن كېيىن دۆلەت ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىلغان ئىسپىرتلىق مەھسۇلاتلار مىقدارىنىڭ ئاشقانلىقىنى؛ ماركا بېجى بېلىتىنى ئىشلىتىشتىن ئاۋۋال، دۆلەت ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىلغان ئىسپىرتلىق مەھسۇلات ۋودكا، ئىسپىرتلىق تاتلىق ئىچىملىكلەر ۋە باشقا ئىچىملىكلەرنىڭ ھەر ئايلىق ئوتتۇرىچە مىقدارى 4 مىليون 330 مىڭ لىتىر بولۇپ، ماركا بېجى بېلىتىنى ئىشلەتكەندىن كېيىن 4 مىليون 850 مىڭ لىتىرغا چىققانلىقىنى؛ ئۈزۈم ھارىقىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ماركا بېجى بېلىتىنى ئىشلەتمىگەن ۋاقىتتىكىگە

قارىغاندا بىر ھەسسە ئاشقانلىقىنى يەنى 560 لىتردىن 1 مىليون 120 مىڭ لىترغا يەتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بازار ئەھۋالىنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ يەرلىكتە ئىشلەپچىقىرىلغان ئىسپىرتلىق مەھسۇلاتلارغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ ئاشقانلىقى، 1995 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يېلىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئايدا سېتىلغان يەرلىكتە ئىشلەپچىقىرىلغان ئىسپىرتلىق مەھسۇلاتلاردىن كىرگەن باج 16% ئاشقانلىقى، ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ 24% تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى بايقالدى.

## قازاقىستان ئاھالىلارنىڭ كىرىمىنى تەدرىجى ياخشىلىدى

1995 - يىلى 12 - ئايدا قىزىل ئوردا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى 11 - ئايدىكىگە قارىغاندا 32% ئەتراپىدا كۆتۈرۈلدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 7400 تەڭگىگە يەتتى. گېئولوگىيە ۋە كان خىزمەتچىلىرىنىڭ مائاشى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، 61045 تەڭگە؛ ماددىي تېخنىكا تەمىنات خادىملىرىنىڭ مائاشى 27 مىڭ تەڭگە، ئىشلەپچىقىرىش ئىشچىلىرىنىڭ مائاشى16 مىڭ تەڭگىدىن ئاشتى، قاتناش ترانسپورت خىزمەتچىلىرىنىڭ مائاشى 13 مىڭ تەڭگە؛ قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنىڭ 11 مىڭ 500 تەڭگە بولدى.

غەيرى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدىكى بانكا ۋە دۆلەت سوغۇرتا شىركەتلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى 15 مىڭ تەڭگە، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، دوختۇر ۋە سېستىرالارنىڭ مائاشى ئەڭ ئاز. يەن - تېخنىكا مەدەنىيەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ مائاشى 1995 - يىلى 12 - ئايغا كەلگەندە 3720 تەڭگىگە يېتىپ، ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ئازراق ئاشتى. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، دوختۇر ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق كىرىمى 2212 — 2998 تەڭگە ئارىلىقىدا بولدى.

بۇ سانلىق مەلۇماتلاردىن، قازاقىستاننىڭ دۆلەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ، يەنى ئالدى بىلەن گېئولوگىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ، ئاندىن قالسا زاۋۇت، كارخانا، بانكا، دۆلەت سوغۇرتا شىركەتلىرىدىكى خىزمەتچىلەر ئەڭ ئاخىرىدا خام چوت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئايلىق كىرىمىنى قەدەممۇ - قەدەم ياخشىلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## ئۆزبېكىستان 1996 - يىلى پاختا ئېكسپورت مىقدارىنى كۆپەيتىدۇ

ئۆزبېكىستان يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىدىكى ئەمەلدارلار يېقىندا، ئۆزبېكىستان 1996 - يىلى پاختا ئېكسپورت مىقدارىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ، دېدى.

ئۆزبېكىستاننىڭ پاختا مەھسۇلات مىقدارى ۋە ئېكسپورت مىقدارى دۇنيا بويىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆچىنچى ۋە تۆتىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۆزبېكىستان 1995 - يىلى 840 مىڭ توننا پاختىنى ئېكسپورت قىلغان بولۇپ، بۇ 1994 - يىلىدىكىگە قارىغاندا 330 مىڭ توننا كۆپ. بۇندىن كېيىن ئۆزبېكىستان پاختا ئېكسپورت مىقدارىنى يەنە 30% ئاشۇرۇشنى پىلانلىماقتا.

## خەلقئارا بازاردا ئۈرۈپيەنىڭ باھاسى يۇقىرى بولماقتا

ئۈرۈپيەنىڭ خەلقئارا بازاردىكى باھاسى يې-قىندا يەنە ئۆرلەپ كەتتى. ئاگلاشلارغا قارىغاندا باھانىڭ ئۆسۈشىدىكى سەۋەپ، جۇڭگونىڭ ئۈ-رۈپيە سېتىۋېلىش مىقدارى ئېشىپ كەتكەنلىكىدە ئىكەن. خەلقئارا بازار كۆرسەتكۈچىنى ھاسىل قىلغان ھىندونېزىيىدە ھەر بىر توننا ئۈرۈپيەنىڭ ئېكسپورت باھاسى 220 ئامېرىكا دوللىرى بو-لۇپ، بۇ 1994 - يىلنىڭ باشلىرىدىكى ئۈرۈپيە ئېكسپورت باھاسىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە تەڭ. 1995 - يىلى كۈزدە ھەر بىر توننا ئۈرۈپيەنىڭ ئېكسپورت باھاسى 240 ئامېرىكا دوللىرىلىق يۇ-قىرى چەككە يەتكەندىن كېيىن، ئۈرۈپيەنىڭ با-ھاسى تەڭشىلىش باسقۇچىغا كىردى، لېكىن ھا-زىر يەنە باھا ئۆرلەشكە باشلىدى.

## روسىيە دۆلەتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ۋە ۋېلسىپىتكە زور مىقداردا ئېھتىياجلىق بولماقتا

روسىيە بازارلىرى جۇڭگونىڭ ئېلېكتر سايمانلىرىغا زور مىقداردا ئېھتىياجلىق بولماقتا. ماشىنا ۋە داچىلاردا ئىشلىتىلىدىغان كىچىك تىپ-تىكى ئۈن ئالغۇ، تېلېۋىزور ۋە شامالدۇرغۇچنىڭ بازىرى ئىتتىك بولماقتا، ھازىر روسىيە تاموژنىسى ھەر بىر ئادەمنىڭ تۈرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئېلېكتر سايمىنىنى باجسىز چېگرى-دىن ئېلىپ ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلىدۇ. روسى-يىلىكلەر جۇڭگونىڭ ئېلېكتر سايمانلىرىغا ئىنتا-يىن ھەۋەس قىلىدۇ، سېتىقچىلارمۇ ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى روسىيىگە ئېلىپ بېرىپ سېتىپ، داۋاملىق 50% ئەتراپىدا پايدا ئالىدۇ. خېيخې شەھەرلىك تاموژنىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، ھەر كۈنى روسىيە تەرەپنىڭ يولۇچىلىرى چېگ-رىدىن ئېلىپ چىقىۋاتقان جۇڭگودا ئىشلەپچىقى-رىلغان ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ تۈرى ۋە سانى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن: ئۈن ئالغۇ، تېلېۋىزور، توك شامالدۇرغۇچ قاتارلىقلار 120 دانىدىن 140 دانىگىچە؛ جىددىي ئېھتىياجنى قامداش چىرىقى 80 دانە؛ توگلاتقۇ ساندۇقى 10 دانە يەنە باشقا ئاز مىقداردا چاڭ - توزاڭ سۈمۈرگۈچ، توك دو-خوپكا ۋە ئېلېكترونلۇق چالغۇ قاتارلىقلار بار-كەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، 96 - يىلى 5 - ئايدا روسىيىلىكلەر جۇڭگودا ئىشلەپچىقىرىلغان ۋېلسىپىتتىن 70 دانە ئەتراپىدا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. جۇڭگودا بىر دانە ۋېلسىپىتنىڭ سېتى-لىش باھاسى 300 — 400 يۈەن، روسىيىدە بىر دانە ۋېلسىپىتنىڭ سېتىلىش باھاسى 500 — 600 يۈەنگە بارىدۇ.

# تەھرىر ھەيئىتى


باش تەھرىر : جاڭ يۆجې ، نەجمىدىن نىزامىدىن

مەسئۇل مۇھەررىر : گۈلسۈم ئابدۇۋايىت

مەخسۇس مۇئاۋىن مەسئۇل مۇھەررىر : شەرىپە ئىسھاقوۋا

تەھرىر ۋە تەرجىمانلار : مۇنەۋۋەر قادىر ، يارمۇھەممەت ئىبراھىم

تەھرىر ھەيئىتى ئەزالىرى : ئابابەكرى ساۋۇت ، ئابلىكىم ئوسمان ، جاپپار مەخپىر

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە) خەمىد خەكىموۋ ، مۆمىن ھەبىبۇللا، نۇرنىسا قاسىم

ھېسامىدىن ئابدۇللا ، ئوسمانجان تۇردى ، ئېلى مەمەت

ئىلچى سايرانى ، ئىلدان ئىسھاقوۋ

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : پېڭ جىڭخۇەن



باشقۇرغۇچى : ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى

نەشر قىلغۇچى : ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى

تەھرىرلىگۈچى : « ئوتتۇرا ئاسىيائۇچۇرلىرى »ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

باسقۇچى : شىنجاڭ پەن - تېخنىكا گېزىتى باسما زاۋۇتى

ئادرېسى : ئۈرۈمچى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى40 - نومۇرلۇق قورو

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65-1133/N

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى : 132 _ 58

پوچتا نومۇرى : 830011 تېلېفون نومۇرى : 3837994 .